# تۆكۈلگەن شاراب



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN7-228-05101-7
I·1910 定 价: 10 元

ISBN 7-228-05101-7
9 787228 051014 >

I12
11-2

# تۆكۈلگەن شاراب

(چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ نادىر
شېئىرلىرىدىن تاللانما )

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى : جاسارەت تاش



新疆大学图书馆
民文图书 755MWS00013204

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرھات ئىلياس
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ

# تۆكۈلگەن شاراب

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: جاسارەت تاش

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1092× 787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 7.125
1998 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN7 — 228 — 05101 — 7/I • 1910
باھاسى: 10 يۈەن

## نەشرىياتتىن

ياش قەلەم ئىگىسى جاسارەت تاش (ئەسلى ئىسمى مىجىت تاش) 1966 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ باغئېرىق دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1974 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاتۇشتا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1984 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات 2 ـ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن هازىرغىچە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە ئىشلەپ كەلمەكتە.

جاسارەت تاشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1982 ـ يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئىككى غەزەل» بىلەن باشلانغان بولۇپ، هازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، روبائى، نەسىرلىرى، 8 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە 100 پارچىگە يېقىن ئاخبارات ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 4 پارچە ئەدەبىي ئەسىرى، 7 پارچە ئاخبارات ئەسىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا، ئۇ ئۆزى مەملىكەتلىك ئىشچىلار گېزىت ـ ژۇرناللىرى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

جاسارەت تاش خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئاساسلىقى ئەدەبىي

تەرجىمە، بولۇپمۇ شېئىرىيەت تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، نەسىر، ئەدەبىي ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان . ئۇ تەرجىمە قىلغان «شېكسپىر سونېتلىرى» ناملىق كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇندىن باشقا «ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلاھى — ماتسۇشىتا كونۇسكې»، «سىنگاپورنىڭ ئىپتىخارى — لى گۇاڭياۋ»، «زامانىۋى ئۇسسۇل خانىشى — ئېسادورا دونكان» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەرجىمە قىلغان.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## مۇندەرىجە


**دانتې (ئىتالىيە)** ........................ 1
سونېتلار ........................ 2
**شېكسپىر (ئەنگلىيە)** ........................ 4
سونېتلار ........................ 5
**گيوتې (گېرمانىيە)** ........................ 17
ۋىسال ۋە ھىجران ........................ 18
كۆز ياشلاردىن تاپاي تەسەللى ........................ 19
**بلېيك (ئەنگلىيە)** ........................ 22
يولۋاس ........................ 23
چالما بىلەن تاش ........................ 24
ئەجەل بايرىمى ........................ 25
سەبىيلىكنىڭ بېشارىتى ........................ 26
**شىللېر (گېرمانىيە)** ........................ 27
شېئىرنىڭ قۇدرىتى ........................ 28
ئۈمىد ........................ 30
نۇر ۋە ھارارەت ........................ 31
**ۋادزۋاس (ئەنگلىيە)** ........................ 33
ئۈرۈمچى قىز ........................ 34
نەركەس گۈلگە مەدھىيە ........................ 35
باش باھار ئاتا قىلغان ئىلھاملار ........................ 36
**بايرون (ئەنگلىيە)** ........................ 38
بولسام دەيمەن غەم - قايغۇدىن خالىي شوخ بالا ........................ 39

قايتا بىر رەت جان تالاشسام ........ 41
**شېللى (ئەنگلىيە)** ........ 45
. . . غا ........ 46
ئەسلىمە ........ 46
**كىس (ئەنگلىيە)** ........ 48
شەپقەتسىز جادۇگەر ........ 48
ئادەمدىكى تۆت پەسىل ........ 51
**مىسكېيۋىچ (پولشا)** ........ 52
ئارىسالدىلىق ........ 53
نېمان دەرياسىغا ........ 55
ئائىدا ........ 56
دېڭىزچى ........ 56
سەرگەردان ناخشىسى ........ 57
**پۇشكىن (روسىيە)** ........ 60
رەسسامغا ........ 61
سەن ۋە مەن ........ 63
**لاڭفېللو (ئامېرىكا)** ........ 65
يائوقى ۋە ناخشا ........ 66
هايات قەسىدىسى ........ 66
**لېرمونتوف (روسىيە)** ........ 69
دوستۇمغا ........ 70
بىر تۈركىيىلىكنىڭ ھەسرىتى ........ 71
دىۋانە ........ 71
جەڭچى قەبرىسى ........ 72
بۇ دۇنيا ۋە جەننەت ........ 74
ئىبلىسىم ........ 74





ئارزۇ ........ 76
ئۆمۈر جامى ........ 77
پەرىشتە ........ 78
يەلكەن ........ 79
قومۇش نەي ........ 80
مەھبۇس ........ 82
ئىلتىجا ........ 83
تەگسىز خىياللار ........ 84
قىز قوشنام ........ 86
**بودلېر (فرانسىيە)** ........ 89
پەرۋاز ........ 90
رەقىب ........ 91
گۈزەللىك قەسىدىسى ........ 92
قۇياش ........ 93
**نېكراسوف (روسىيە)** ........ 95
بۇغدىيى ئورۇلمىغان ئېتىز ........ 96
يېڭى يىل ........ 98
**يېتس (ئىرېلاندىيە)** ........ 100
ۋىنزانتىيىگە يۈرۈش قىلىش ........ 101
ئىرېلاندىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىسى ........ 102
**مېرژېكوۋسكىي (روسىيە)** ........ 104
تۈن ئوغلى ........ 105
يېگانىلىق ........ 106
**بۇنىن (روسىيە)** ........ 108
يوقالدى ئاداققى نۇرى شەپەقنىڭ ........ 109
مەن شىمالدا تۇرىمەن تەنها ........ 110

ياغماقتا ئاق يېغىن ئورماندا سىم - سىم ...... 110
بالبال ...... 111
ناخشا ئېيتار بىرى بۇ كەچ توختىماي ...... 112
ماۋزۇسىز ...... 112
دانىشمەنلەرگە ...... 113
ياز تۈنى ...... 113
يىراقتىكى شىمالدا ...... 115
يايلاقتا ...... 116
ۋەتەنگە ...... 119
شىمالدىكى ئاق قېيىن دەرىخى ...... 119
كار قىلماس ماڭا ھېچ بورانلىق يامغۇر ...... 120
ئۆتكەن ئىشلار ...... 121
ھىلال ئاي ...... 121
سۇبھى ...... 122
قەبرە تەزكىرىسى ...... 122
قىزىل سۇۋادان ...... 123
كۆلچەك ...... 124
قاپلىدى ئورماننى كۈز شاماللىرى ...... 125
قالدى يۇرتۇم كۆز يەتكۈسىز يىراقتا ...... 126
باھار كېچىسىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان ...... 127
ناخشا ...... 127
دالا گۈلى ...... 128
**ۋالېرى (فرانسىيە)** ...... 130
تۆكۈلگەن شاراب ...... 131
ئانار ...... 131
**فروست (ئامېرىكا)** ...... 133





قارلىق تۈندە ئورمانلىقتا توختىدىم ...... 134
زىمىستاندا ئورمان قۇشلىرىنى ئەسلەش ...... 135
ھەسرەت ...... 136
**رىلكې (ئاۋستىرىيە)** ...... 137
يىلپىز ...... 138
ئادەملەر سۆزىدىن قورقىمەن شۇنچە ...... 138
**بلوك (روسىيە)** ...... 140
يىراقتىن گۈركىرەپ ئۇرۇلار شامال ...... 141
كىردىڭ كەچكى شەپەق سۆيگەن گۈگۈمغا ...... 142
قاغجىرىغان كۈز پەسلىدە ...... 142
ھەسرەت بىلەن سېنى دەپنە ئەيلىدىم ...... 143
**گۇمىليوف (روسىيە)** ...... 145
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ...... 146
ۋەسىيەت ...... 147
**مىسترال (چىلى)** ...... 149
كېلەچەك ...... 150
قەلب ساداسى ...... 151
نومۇس قىلىش ...... 153
**يېسېنىن (روسىيە)** ...... 155
قەبرىستانلىقتا مەرھۇمنى خاتىرىلەش ...... 156
ئىنەك ...... 157
مەن سەھرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى ...... 158
**سېرۋىس (كانادا)** ...... 160
ھېچ بولمىسا قالسۇن ماڭا ساقلىنىپ ...... 160
قۇش ناۋاسى ...... 161
**سىمبورسكا (پولشا)** ...... 162

مەھبۇب …… 163
تومۇز كېچىسىدىكى چۈش …… 164
نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش …… 165
سەھەر سائەت تۆت بولغان ۋاقىت …… 167
مەريەم ئانا بوۋاق كۆتۈرۈپ تۇرغان رەسىم …… 168
ئۆيگە قايتقاندا …… 169
ئانىكىت تولدۇرۇش …… 170
بىر كۆرۈپلا كۆيۈشۈپ قېلىش …… 172
نىگاتىپ …… 175
قۇرۇق ئۆيدە تۇرار بىر مۈشۈك …… 176
سېرىك ئۆمىكىدىكى ھايۋانلار …… 178
ئاچقۇچ …… 178
تاش بىلەن سۆھبەت …… 179
ئاخىرلىشىش ۋە باشلىنىش …… 183
**ھىنى (گرېنلاندىيە)** …… 186
يېتىكەن ئارال …… 187
پاش قىلىش …… 188
يامغۇر ساداسى …… 190
يىراق دىيار …… 192
خەلق ناخشىچىلىرى …… 193
توي كۈنى …… 193
قۇتقۇزۇش …… 194
جازا …… 195
تاختىپەر …… 197
تۆمۈرچى دۇكىنى …… 197
تورف سازلىقى …… 199



توللاند ئادىمى …… 200
شىمال …… 203
**برودسكي (ئامېرىكا)** …… 206
شېئىرىيەت بايرىمى …… 207
ئاگلىيالايسەن، ئۈچۈپ بارماقتا ئوت …… 210
ئانا …… 211
**سۇئاد (كۇۋەيت)** …… 213
ئاياللار ئىنكارى …… 214

# دانتې (ئىتالىيە)

دانتې ئالىگخېرى (1265 — 1321) ئىتالىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئۇلۇغ پېشۋا. ئۇ 1265 - يىلى 2 - ئايدا، فلورېنسىيىدىكى كىچىك بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دانتې بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ئىرىشچان، ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇپ، 18 يېشىدا شېئىر يېزىشنى باشلىغان، تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «يېڭى ھايات» نى ياخشى كۆرگەن قىزى بېئاترىچىغا ئاتاپ يازغان.

دانتې 1295 - يىلدىن باشلاپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، 1296 - يىلى يۈز كىشىلىك پالاتا (شەھەر پارلامېنتى خاراكتېرىدىكى) نىڭ ئەزالىقىغا؛ 1300 - يىلى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلانغان. بۇ مەزگىلدە، ئۇ پاپانىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە قارشى تۇرغان. 1302 - يىلى ئۇ قاتناشقان سىياسىي ھەرىكەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆمۈرلۈك سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ سۈرگۈن جەريانىدا «ماقال - تەمسىللەر توغرىسىدا»، «زىياپەت» دېگەن ئىككى كىتابنى يازغان، 1307 - يىلى دۇنياغا داڭلىق ئەسىرى «ئىلاھ كۈيى» نى يېزىشقا كىرىشكەن، 1321 - يىلى 9 - ئايدا ۋاپات بولغان. ئېنگېلس ئۇنى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى شائىر، شۇنداقلا يەنە يېڭى دەۋردىكى ئەڭ دەسلەپكى شائىر» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭ ئۆلمەس

ئەسىرى «ئىلاھ كومېدىيە» دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان.

## سونېتلار

**1**

جانان، تۇرار كۆزلىرىڭدىن مۇھەببەت تاراپ،
نىگاھلىرىڭ ئەيلەر بارچە ئەلنى مۇلايىم.
كوچىلاردىن ئۆتسەڭ خەقلەر قالىدۇ قاراپ،
ئېھتىرامىڭ جىخىلدىتار يۈرەكنى دائىم.
چۆمەر ھەركىم ھاياجانغا سەن بەرسەڭ سالام،
ئۆزلىرىنى سېزىپ ئاجىز ئۇھسىنار بىراق؛
غەزەپ، چارچاش يېتەر سېنىڭ ئالدىڭدا تامام،
ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرەيمەن، ئىمكان بەر ئۇماق.
مەيلى كىمگە قاراپ ئېيتساڭ بىرەر سۆز ئەگەر،
قەلبى شېرىن تۇيغۇلارغا ئەيلىنەر شىكار.
تۆنجى بولۇپ كىمكى ساڭا تاشلىسا نەزەر،
تەبەسسۇمىڭ قىلار ئۇنى يۈكسەك قۇتقا يار.
دېيەلمەيمەن دىلغا سىغماس سۆزۈمنى ساڭا،
بۇ بىر يېڭى مۆجىزىدەك تۇيۇلار ماڭا.

**2**

ئۆزگىلەرگە سالام ـ سائەت قىلغاندا جانان،
كۆرۈنىدۇ شۇنچە سىپىلىق، سەممىي، لېۋەن.
ئاڭا ئۇدۇل قارىيالماس بىرەر كۆز ھامان،
ھېچكىم زۇۋان سۈرمەس باردەك تىلىدا ئېۋەن.



كەمتەر قەدەم تاشلاپ زەپمۇ خۇشخۇي، مۇلايىم
كېتەر چەكسىز مەدھىيىگە چۆمۈپ ئاستا، جىم.
ئۇ، ئاسماندىن يەر ـ زېمىنگە چۈشۈپ خۇدايىم
بىنا قىلغان ئاجايىپ بىر مۆجىزە، بەلكىم.
ھەركىم ئاڭا باقسا كۆلۈپ، شادلىنار قەۋەت،
شەھلا كۆزى سالار دىلغا مۇھەببەت ـ ھەۋەس،
چۆكمەس نادان بۇنداق لەززىز تۇيغۇغا پەقەت.
چەكسىز ئىشىق، يارقىنلىققا پۈركىنىپ پەۋەس،
لەۋلىرىدە پەيدا بولۇپ بىر خىل قىياپەت
دەيدۇ گويا قەلبىمگە: «سەن چەككىن نادامەت.»

**3**

سۆيگۈ ـ ئىشىق ئەيلەپ غەپلەت ـ ئۇيقۇنى بىدار،
قەلبىم ئارا يىلتىز تارتىپ ئۆرماقتا بەرق،
ئېھ، كۆرسەتتى ماڭا سۆيگۈ ئىلاھى دىدار،
بولۇپ چەكسىز خۇشاللىقنىڭ كۆلىگە غەرق.
ئاچتى ئېغىز، ھەر سۆزىدە شادلىقى ئايان:
«ئىنتىلىپسەن مېنى ئەمدى قىلىشقا تاۋاب!»
كەتتى ھەمراھ بولۇپ ماڭا دەقىقە ئاران،
ئۇ دەسسىگەن تۇپراققا مەن تۇرماقتا قاراپ.
كۆردۈم، ۋاننا — لېۋەن قىزنىڭ چۈشۈپ نىگاھى،
كېلەر ئەنە، قەدەم تاشلاپ مەن بار جاي تامان.
يۈز بەرمەكتە مۆجىزىلەر: سۆيگۈ ئىلاھى
ئەيلەر گويا قەلبىم ئېيتقان سۆزلەرنى بايان:
«بۇ — نەۋباھار، كېلىۋاتقان قىزنىڭمۇ نامى
مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئوخشاش — سۆيگۈ ئىلاھى.»

## شېكسپىر (ئەنگلىيە)

ۋىليام شېكسپىر (1564 — 1616) ئەنگلىيىنىڭ ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئۇلۇغ دراماتورگى ۋە شائىرى. ئۇ 1564 - يىلى ۋۇلىك ۋىلايىتىنىڭ ستراتفور بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى جون يۇڭ - تېرە سودىگىرى بولۇپ، كېيىنچە مۇشۇ بازارنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. شېكسپىر ۋۇلىكتىكى ئەدەبىيات - قانۇن مەكتىپىگە كىرىپ لاتىن تىلى، قەدىمكى زامان تارىخى ۋە شېئىرىيەتنى ئۆگەنگەن. ئائىلە ئىقتىسادى ناچارلىشىپ كەتكەچكە، ئوقۇشنى تاماملىمايلا مەكتەپتىن چېكىنگەن. 1586 - يىلى ئەتراپىدا لوندونغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېتىغا قارىغان، كېيىنچە تىياتىرخانىنىڭ ئارتىسى، پايچىسى بولغان. 1590 - يىلدىن تارتىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ يازغان دراما ۋە شېئىرلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆي ۋە يەر - زېمىن سېتىۋالغان. 1616 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 52 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. شېكسپىر 20 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا «ۋېنىس بىلەن ئادونىس»، «لۇكرىسنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشى» دېگەن ئىككى داستان، 37 سەھنە ئەسىرى، 154 سونېت يازغان. ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە «ھېنرى IV»، «رىچارد II»، «تومۇز كېچىسىدىكى چۈش»، «ۋېنتسىيە سودىگىرى»، «رومېئو بىلەن جۇلىيتا»، «پادىشاھ لىر»، «ئوسېللو»، «12 - كېچە»، «ھاملېت» قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىق بولۇپ، ئۇلاردا شۇ



جاھاندىكى رېئاللىق ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شېكسپىر ياۋروپا تىياتىرچىلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، يەنە ياۋروپا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە شەكىلگە ئىگە سونېتلىرى «شېكسپىر شەكلى» دەپ نام ئالغان.

### سونېتلار

**1**

ئۇرسا دەيمىز مەڭگۈ ئېسىل شەيئىلەر بەرق،
شۇندا بولماس گۈزەللىكنىڭ گۈللىرى خازان،
ۋاقىت جاننى ھالاكەتكە قىلسىمۇ غەرق،
چىقمىقى شەرت ئۇنىڭ سەرخىل ئىزچىسى ھامان.
نۇرلۇق، شەھلا كۆزۈڭ بىلەن تويلىشىپ بىراق،
كۆيدۈرمەكتە سەن ئوت بولۇپ ئايدەك يۈزۈڭنى،
باي زېمىندە پەيدا قىلىپ نامراتلىق — پىراق،
ئۇچراتماقتا زور زىيانغا قەستلەپ ئۆزۈڭنى.
ئالەمدىكى يارقىن، نەپىس بېزەكسەن بۈگۈن،
نەۋ باھارغا يولنى سەنلا بېرەرسەن ئېچىپ،
ئەمما، كۆمۈپ غۇنچەڭ ئارا جىسمىڭنى پۈتۈن،
بېخىللىقتا بايلىقىڭنى ئۆتەرسەن چېچىپ.
بۇ دۇنياغا ئىچ ئاغرىتىپ قويساڭچۇ قاراپ،
قەبرەڭ تامان كەتمە ئۇنىڭ مۈلكىنى تالاپ.

**6**

تەق قىلغۇچە ئېپارىڭنى، قالدۇرما كاۋاك
سېلىشىغا قىشنىڭ ھۆسن يازىڭغا چاڭگال،

تولدۇر ئەتىر شىشەڭگە لىق، بولماستا ھالاك
قوي گۈزەللىك بايلىقىڭنى ئامبارغا دەرھال.
بۇ، قىلغانلىق ئەمەس ئۆسۈم — پايدىنى بىكار،
قەرز ئالغۇچى بۇنىڭدىن ھەم شادلىنار ھامان،
سەندەك ئوغۇل تېپىشىڭغا ئۇ بەك ئىنتىزار،
ئونىنى ئاپساڭ، ئون خۇشاللىق ئەيلىنەر ئايان.
ئون بالاڭدا ئەكس ئەتسە ئون چىراي — چېھرىڭ،
ئۇنغا يەتكەي سەندىكى بىر — تەنھا قىياپەت،
ئەۋلادىڭغا كۆچسە سېنىڭ ھاياتىڭ — مېھرىڭ،
قىلالامدۇ گۇلۇڭنى خەس ئەزرائىل — ئاپەت؟
قىلما كاجلىق، بارچە ئۈزلۈق بولغان ساڭا جەم،
تويماس قۇرت يەپ كەتمىسۇن ئەيلەپ سېنى يەم.

9

ئاقمىسۇن دەپ تۇل خوتۇنلار كۆزلىرىدىن ياش،
بويتاقلىقتا گۇل ئۆمرۈڭنى ئەيلەمسەن خازان؟
ئاھ، كۆرمەستىن پەرزەنت يۈزى قويساڭ گۆرگە باش،
خۇددى ئەرسىز — تۇل خوتۇندەك يىغلايدۇ جاھان.
ئۆزگە تۇللار تاشلاپ پەرزەنت كۆزىگە نەزەر،
ئەرلىرىنىڭ چىرايىنى ساقلىسا ئەستە،
ئالەم يىغلار قويمىدىڭ دەپ ھۆسنىڭدىن ئەسەر،
ھايات قالغان مەھبۇبەڭدەك بولۇپ دىلخەستە.
كۆر، دۇنيادا بۇزۇپ چاچسا پۇلىنى ساياق،
يىتمەس، ئۇندىن بەھرىلىنەر ئۆزگىلەر، دېمەك،
سەرپ ئەتكەن گۈزەللىكتىن قالماس ئىز بىراق،
نابۇت بولۇر ئىگىسىدە قىلمىسا كېرەك.
تۇرسا بۇ دىل ئۆز - ئۆزىگە رەھىمسىز قاتىل،



ئۆزگە دىلنى سۆيگۈسىگە ئەيلەرمۇ نائىل.

11

خازان بولسا ھۆسن گۇلۇڭ — گۈزەللىك بىغىڭ،
پەرزەنتىڭنىڭ ۋۇجۇدىدا چاچار خۇشپۇراق،
ئۆمۈر قىشىڭ يۈز ئاچسىمۇ، باھاردەك چېغىڭ
سەن قاتارغا قوشقان جاندا تاپار شان، روناق.
بار گۈزەللىك، ئەقىل - ئىدراك، كۈچ سەندە ھازىر،
ئەۋلادىڭسىز زاھىر دۆتلۈك، قېرىلىق پەقەت،
ئەمەس ئىنسان نەچچە يۈز يىل ياشاشقا قادىر،
ئۆتسە ئاتمىش ئاياز، باھار چاقىرار لەھەت.
قىلمۇۋەرمەس جىمى شەيئى - نەرسىگە نېسىپ
كۆركەم سىياق، پەم - پاراسەت، ئەۋلادنى خۇدا،
كاتتا ئىنئام ئالدىڭ ئۇنىڭ دىتىغا يېقىپ،
بۇ سوۋغىنى ئەتمە سۆيگۈ مېھرىڭدىن جۇدا.
تەڭرى سېنى ياساپ، قىلدى ئۆزىگە مۆھۈر،
ئۆپرىماسسەن ئىشلەتسىمۇ تۇمەنىمىڭ ئۆمۈر.

15

خىيالىمدىن كەچتى: ئەجەل ئاچىدۇ قويۇن
بارچە جانلىق تاپسا نۇسرەت، ئۆتمەستىن ھايال.
پانىي ئالەم سەھنىسىدە ئوينىلار ئويۇن
بولۇپ قىسمەت يۇلتۇزىنىڭ تورىغا قامال.
كۆردۈم: ئىنسان كۆكلەر گويا گىياھتەك ئۆسۈپ،
ئالار كۆكتىن مەدەت، بەيئەت قىلار ئاڭا ھەم،
ياشلىق شامى نۇرلار چېچىپ قالىدۇ ئۆچۈپ،
جاسارىتى بولۇر ئاخىر زەئىپلىككە يەم.
شۇڭا، ئەيلەر بۇ تۇراقسىز، غەلىتە خىيال

كۆز ئالدىمدا گۈزەل ياشلىق چېغىڭنى ئايان،
ئۇنىڭغا ياشلىق كۈندۈزۈڭنى بولسۇن دەپ قامال،
چىرىكلىك ھەم بوش ئۆتكەن چاغ تۈزۈشەر پىلان.
سۆيگۈڭ ئۈچۈن مەن ۋاقىتقا باشلىدىم ھۇجۇم،
كەسسە سېنى، يېڭى شاخقا ئۇلايمەن چوقۇم.

17

كەلگۈسىدە كىم ئىشەنگەي، نەزمەمدە مېنىڭ
بارچە يۈكسەك پەزىلىتىڭ ئەيلەنسە ئايان؟
تەڭرى بىلەر: نەزمەم — قەبرە؛ بار ئۇندا سېنىڭ
ئۆمرۈڭ؛ قالغان ئاي چېھرىڭنىڭ يېرىمى ئاران.
ئەتسەم ئاھۇ كۆزلىرىڭنى قەلەمدە زاھىر،
ساپ كۈيلەرگە قاتسام زىبا قەددىڭنى ئۇدا،
كۆرۈپ ئەۋلاد دېگەي: بەك پو ئېتىپتۇ شائىر،
سىزالمايدۇ ئىنسانلارنىڭ يۈزىنى خۇدا.
شۇڭا، نەزمەم قەدىرلەنمەس سارغىيىپ بېتى،
مەن ئالارمەن ۋالاقتەككۇر قېرى دەپ ئاتاق.
تەسۋىرىڭنى دەر: ئالجىغان شائىرنىڭ گېپى
يا رېئاللىق كۆپتۈرۈلگەن كونا بىر قوشاق.
ئوغلۇڭ ياشاپ ئۆتسە دەۋر - زامانلار ھالقىپ،
ئۇنىڭ جىسمى ۋە نەزمەمدە تۇرارسەن بالقىپ.

18

يازغا سېنى تەڭ قىلىشقا مەندە نە ئامال،
سەن ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە تۇرساڭ گۈزەل، ساز؟
مايدا بوران غۇنچىلارنى ئەيلىگەي مالال،
ياز ئىجارە ئالغان قەرەز بەكمۇ قىسقا — ئاز.
گاھى كۆكتە ئوتتەك قۇياش بولسىمۇ ئايان،



گاھى ئۇنى تۇسار قارا بۇلۇتلار قات - قات،
ۋاقىت، قىسمەت زەربىسىگە دۇچ كېلىپ ھامان،
يارقىنلىقنى قىلار ئاخىر يارقىنلىق بەربات.
خازان بولماس سېنىڭ گۈلگۈن ياز پەسلىڭ ئەبەد،
قالار كۆركەم لاتاپىتىڭ ساقلىنىپ ئۇزاق.
ساڭا ھەمراھ بولغاچ ئۆلمەس كۈي - شېئىر پەقەت،
ئەزرائىلمۇ قويالمايدۇ ئۆمرۈڭگە تۇزاق.
نادىر ئەسەر بۇ ئالەمدە بولمايدۇ خاراب،
سەن ئۇنىڭدا سانسىز ئەسىر ئۆتسەن ياشاپ.

22

زىننەت بېرىپ تۇرسىلا گۈل ياشلىقىڭ ساڭا،
ئىشەنمەسمەن ئەينەك قېرى كۆرسەتسە مېنى،
ئەمدى چاڭگال سالار دەرمەن ئەزرائىل ماڭا،
قىلسا ۋاقىت يار نەقىشلىك چىرايغا سېنى.
چۈنكى، ساڭا نېسىپ بولغان نۇرانە رۇخسار
گويا مېنىڭ قەلبىمگە خوپ ياراشقان كىيىم.
دىل رىشتىمىز بىر - بىرىگە تۇرسا ھەمراھ — يار،
بارغايمۇ، مەن سەندىن قېرى، دېيىشكە تىلىم؟
مەن سەن ئۈچۈن ئاسرىغاندەك ئۆزۈمنى قەۋەت،
سەنمۇ ئاسرا ئۆز تېنىڭنى يەتكۈزمەي زەرەر،
ئەتىۋارلاپ ساقلايمەن چىڭ قەلبىڭنى ئەبەد،
خۇددى ئانا بوۋىقىدىن ئالغاندەك خەۋەر.
ئۆلسە قەلبىم، شادلىقىڭغا سېلىنار قۇلۇپ،
سەن قەلبىڭنى ماڭا تاپشۇر، ئالما قايتۇرۇپ.

24

كۆزۈم رەسسام بولۇپ، كۆركەم قەددىڭنى سېنىڭ

ئەينەن سىزنىڭ چىقتى قەلبىم بەتلىرى ئارا،
شۇ رەسىمنىڭ نەپىس رامى ۋۇجۇدۇم مېنىڭ،
سىڭگەن كاتتا رەسسامغا خاس ئىقتىدار ئاڭا.
رەسساملاردەك ئۇنىڭ سەنئەت شەكلىگە قارا،
قايسى يەرگە تىرىك جاندەك سىزىلدىڭ ئۆزۈڭ،
ئۇ ئېسىلىپ تۇرار مەڭگۇ دىلخانەم ئارا،
دىلخانەمنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزنىكى كۆزۈڭ.
كۆز، كۆز بىلەن كۆز ماسلاشتى بولۇپ يار — ئاداش:
قامىتىڭنى سىزسا كۆزۈم قالدۇرماي چالا،
ئاچتى كۆزۈڭ يۈرىكىمدىن دېرىزە، قۇياش
خۇپىيانە قارار ئۇندىن ھەۋەسته ساڭا.
تۇرار كۆزۈم ئىلاھقا خاس تالانتتىن يىراق،
كۆرگىنىنى سىزار، دىلنى چۈشەنمەس بىراق.

39

ئاھ، چىدارمۇ سېنى كۆيگە قېتىشقا يۈزۈم،
تۇرسا ئۆزلۈق، خىسلىتىمنىڭ يېرىمى سەندە؟
سېنى ماختاش — ئۆچۈرغانلىق ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
نە قىممىتى تەرىپلىسە ئۆزىنى بەندە؟
بىز ياشايلى بۇ دۇنيادا ئايرىلىپ شۇڭا،
ئىككى بولسۇن بىزدىكى بىر سۆيگۈ — ئەقىدە،
شۇندا تامام تەئەللۇقتۇر پەقەتلا ساڭا
مەن سەن ئۈچۈن ئېيتقان جىمى ناخشا - قەسىدە.
ئەي جۇدالىق، ھەسرەتلىك بوش ۋاقتىڭدا ئەگەر
كۆڭلىرىمنى ئۆتكۈزمىسەم سېغىنىش ئارا،
سۆيگۈم ۋاقىت، سېغىنىشتىن ئالمىسا خەۋەر،
بىردىن ئىككى بولۇشۇمنى كۆرمەي سەن راۋا،



ئېيتقۇزمىساڭ ئۇنى كۈيلەپ قەسىدە - قوشاق،
بۇ مەن ئۈچۈن ھېسابلىنار چەكسىز دەرد - يىراق.

43

يۇمۇلغاندا ئۆتكۈرلىشىپ كېتەر جۈپ كۆزۈم،
كۈندۈزلىرى كۆرەر ئاددىي شەيئىنى پەقەت؛
زەن سالىدۇ ساڭا، چۈكسەم ئۇيقۇغا ئۆزۈم،
ئاچسام زۇلمەت باسار، يۇمسام نۇرلىنار قەۋەت.
سايەڭ بېرەر قاراڭغۇغا سەر خىل نۇر - زىيا،
يۇمۇلغان جۈپ كۆزگە كۈندەك پارلاقلىقنى ھەم،
قانداق گۈزەل سىيما قىلسۇن كۈندۈزدە جۇلا،
تۈمەن نۇرلۇق كۈندۈز ساڭا بولغان تۇرسا جەم!
چۈشكە ھەمراھ كۆزلىرىمنى يورىتار ھامان
كەمتۈك، يارقىن ئوبرازىڭ بۇ سۈكۈتلۈك تۈندە،
ئاڭا كۈلۈپ بېقىپ تەلەي - ئامەتلەر قاچان
سېنى روشەن كۆرەلەيدۇ قۇياشلىق كۈندە؟!
كۆرەلمىسەم سېنى، كۈندۈز زۇلمەتتۇر ماڭا،
تۈن نۇر چاچار چۈشلىرىمدە يولۇقسام ساڭا.

46

تالىشىپ ئۆز جامالىڭنىڭ بەھرىدىن ئۈلۈش،
ئېلىشماقتا كۆزۈم بىلەن قەلبىم ئۆز ئارا،
كۆز دېسە: يات دىل - قەلبكە پەيزىڭنى سۈرۈش،
بۇ ھوقۇقنى كۆرمەس كۆزگە يۈرەكمۇ راۋا.
دەيدۇ يۈرەك: سېنى پىنھان ساقلىدىم ئۇزاق،
كۆرەلمەيدۇ كۆزلەر ئۆتكۈر بولسىمۇ قەۋەت.
جاۋابكار كۆز ئىنكار قىلىپ بۇلارنى بىراق،

قامىتىڭنى ساقلىنار دەر ئۆزىدە پەقەت.
بۇ جاڭجالنى ئايرىش ئۈچۈن، دىلدىكى پۈتۈن
خىياللارنى تايىن تاپتىم قىلىشقا قازى؛
چىقارغاچقا ئۇلار ئادىل ھۆكۈمنى بۈگۈن،
ئوتلۇق قەلب، نۇرانە كۆز بولۇشتى رازى:
جۈپ كۆزۈمگە مەنسۇپ ئاشقى قىياپەت — چېھرىڭ،
قەلبىم ئارا ماكانلاشتى مۇھەببەت — مېھرىڭ.

**49**

تەمكىن تۇراي، كەلسە شۇنداق بىر كۈنلەر ئەگەر،
ئەيىبىمنى كۆرسەڭ ماڭا باقمايسەن كۈلۈپ،
قالماي روھىي خەزىنەڭدە سۆيگۈدىن ئەسەر،
ئۆز غېمىڭنى يەپ، ھېسابىنى كېتەرسەن ئۈزۈپ؛
كەلسە شۇ كۈن، يات كىشىدەك سۇرمەيسەن زۇۋان،
قۇياش يەڭلىغ كۆزلىرىڭدە ئۇچقۇندار غەزەپ،
سۆيگۈڭنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ھامان،
تاپار مەندىن تانغىنىڭغا تولۇق ۋەج - سەۋەب؛
كەلسە شۇ كۈن، مۇشۇ يەردە يۈرۈرمەن مۆكۈپ،
بارچە نۇقسان - ئىللىتىمنى يادىمدا ساقلاپ،
خەلقى ئالەم ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى سۆكۈپ،
قانۇنلۇق كۆز قارىشىڭنى تۇرارمەن ياقلاپ.
مەن سۆيگۈمنىڭ ئىسپاتىنى كەلمىگەچ ئېلىپ،
قانۇن سېنى يۆلەر مەندىن كەتسەڭمۇ تېنىپ.

**53**

سېنىڭ جىسمىڭ چىققان قانداق نەرسىدىن پۈتۈپ،
مىليون سايە ئەتراپىڭدىن كەتمەيدۇ يىراق؟
بىر ئادەمدىن بىرلا سايە تۇرىدۇ چۈشۈپ،



سەندە زاھىر سان - ساناقسىز كۆلەڭگە بىراق!
ئادونىس[1]نى سىزسا رەسسام ئىشلىتىپ زور پەم،
دېمەن ئۇنى سېنىڭ قوپال، خۇنۇك قامىتىڭ؛
ھەممە ئۈزلۈك بولسا خېلىن[2] رۇخسارىغا جەم،
چىقار گرېك كىيىمىنى كىيگەن ھالىتىڭ.
ئوخشار يارقىن ئوبرازىڭغا جەزىبىلىك باھار،
سېخىيلىقتا ئۆرنەك ئۈزۈڭ ھوسۇللۇق كۈزگە.
كۆز تاشلىساق جامالىڭغا بولۇپ ئىنتىزار،
ئۇچرار گۈزەل مەۋجۇداتتا كۆلەڭگەڭ بىزگە.
بارچە ئاشقى گۈزەللىكتە بار تۆھپە - ھەسسەڭ،
كېلەلمەس چىن ساداقەتتە ساڭا ھېچكىم تەڭ.

**64**

قانخور ۋاقىت چاڭگىلىدا يوقالدى خوراپ
يىراق ئۆتمۈش زامانلارنىڭ سەرخىل مىراسى،
غايىب بولدى ئالاي كۆركەم مۇنارلار غۇلاپ،
مىس قورالنى ئەيلىدى خاك قىسمەت خۇداسى؛
ئاچكۆز دېڭىز دولقۇنلىرى ياساپ زور قىيان،
ساھىل شاھىنىڭ تۇپرىقىنى يەيدۇ داۋاملىق،
قۇرۇقلۇقمۇ سۇرۇپ سۇنى كېڭىيەر ھامان،
ئۇلار دائىم بىر بىرىگە بەرمەس ئاراملىق.
پايدا - زىيان نۆۋەتلىشىپ تۇرار ئۆز ئارا،
ھەر ئىككىسى ھالاكەتتىن كېتەلمەس قېچىپ؛
مېنى مۇنداق ئويغا سالدى زور ئاپەت — بالا:
ۋاقىت ئاخىر دىلكىشىمنى كەتكۈسى ئېلىپ.

---

① ئادونىس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى كېلىشكەن يىگىت.
② خېلىن — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تەڭداشسىز ساھىبجامال.

بۇ ئۇي گويا ئەزرائىلدەك ھەمراھدۇر ماڭا،
زار يىغلايمەن قورقۇپ ئەجەل يېتىشتىن ئاڭا.

**66**

ھەممىدىن جاق تويۇپ، تۇردۇم ئەجەلنى چىللاپ،
كۆردۈم: گاداي ـ قەلەندەرگە ئايلاندى ئالىم،
كىيدى دىتسىز ـ نادان پۈزۈر كىيىمنى خىللاپ،
بۇزدى پاك قىز ئىپپىتىنى قاراقچى زالىم،
قويۇلمىدى ئۆز ئورنىغا يۈكسەك شەرەپ ـ شان،
ۋاپاغا ئۈچ دىلدىن دەشنام يېدى ساداقەت،
توكۇر قۇدرەت باھادىرنى قىلدى يېرىم جان،
ئادىللىققا رەزىللىكتىن ياغدى ھاقارەت،
سەنئەت دەۋر زەربىسىدىن سۇرەلمەس زۇۋان،
دانا سىياق دۆت ھۆكۈمران ھېكمەت كانىغا،
ساپ ھەقىقەت دېيىلمەكتە ھاماقەت ـ نادان،
تۇتقۇن بولۇپ ئىشلەر ساۋاب گۇناھ شاھىغا.
جاندىن كېچەي، بۇنداق ئىشتىن بولدۇم بەك بىزار،
كۆز يۇمسامىلا تەنھالىقتا ياشايدۇ نىگار.

**84**

كىمنىڭ كېپى ئەڭ يېقىملىق؟ قانداق قەسىدە
سېنىڭ ئەينەن تەسۋىرىڭگە كېلەلەيدۇ تەڭ؟
بار ئۇنىڭدا تەڭدىشى يوق بايلىق ـ خەزىنە،
شۇ بايلىققا كىملەر ئېلان قىلالايدۇ جەڭ؟
پېرسۇنازغا بېرەلمىسە قەلەم شان ـ ئاتاق،
ھېسابلىنار كۆچ ـ مادارسىز، نامرات شۇ قەدەر،
رۇخسارىڭنى سۇرەتلىسە ئۆز ئەينى بىراق،
تاپار يۈكسەك شەرەپ ئۇندىن يارالغان ئەسەر.



ئۇ، كۆچۈرسۇن جىسمىڭدىكى جۈملىنى تولۇق،
بۇزۇلمىسۇن تەڭرىنىڭ ساپ سەنئىتى — ئەجرى،
شۇ چاغ، ئىجاد بابىدا ئۇ قازىنىپ ئۇتۇق،
ئۆسەر بۇنداق ئۇسلۇبىنىڭ قىممىتى ـ قەدرى.
خەقنىڭ ئۇشۇق ماختىشىغا ئامراقسەن قەۋەت،
بۇ، ئۆزۈڭنىڭ قۇت ـ بەختىگە قوشقانلىق لەنەت.

**102**

سۆيگۈم زەئىپ كۆرۈنسىمۇ تولغان مادارغا،
خوراپ كەتتى دېمە دائىم قىلمىسام بايان.
كىمكى ماختاپ ئەقىدىنى سالسا بازارغا،
مال — تاۋارغا ئوخشار سۆيگۈ قىممىتى ھامان.
خۇددى بۇلبۇل باش يازدىلا سايرىسا باغدا،
تومۇز پەيتى قالغىنىدەك سۇكۇتكە چۆكۈپ،
باھاردىلا — بىز تۇنجى رەت سۆيۈشكەن چاغدا،
ناخشام بىلەن ئىشقىمىزنى ئالارمەن كۈتۈپ.
ئۇ، ئازابلىق ئەللەي كۈيى ئېيتقان ئەڭ ئۇزاق
تۈنلەردىكى خۇشال چاغدىن قېلىشماس بۇ ياز،
پەقەت قاپلاپ بارچە شاخنى تەلۋە كۈي ـ قوشاق،
ئېسىل نەغمە ئاددىيلىشىپ تۈيۈلمايدۇ ساز.
دائىم غەزەل ئېيتىپ سېنى قىلماي؛ دەپ بىزار،
گاھى يۇردۇم شۇ بۇلبۇلدەك ناۋاسىز — بىكار.

**112**

ئىچ ئاغرىتىپ سۆيسەڭ مېنى، ئۆچكۈسى شۇ ئان
تۆھمەت مېنىڭ پېشانەمگە باسقان ئەن ـ مۆھۈر.
ئىللىتىمنى يېپىپ، بەرسەڭ خىسلىتىمگە شان،
ئۆتەي ئۆسەك سۆزگە پەرۋا قىلماي بىر ئۆمۈر.



新疆人[illegible]藏书

سەن — پايانسىز كائىناتىم، خۇشتارمەن ئەبەد
ھاقارەتنىڭ، ماختىنىشنىڭ ئاڭلاشقا ھەردەم.
خەق مەن ئۈچۈن، مەن خەق ئۈچۈن ئۆلۈك تەن — جەسەت،
ھېس - تۇيغۇمنى ئۆزگەرتمەستىن تۇرارمەن بەردەم.
ئۆزگىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەڭداشىسىز تېرەن
ھاڭغا تاشلاپ، خۇددى ساغرۇ يىلاندەك ھامان،
ماختاشنىمۇ، تىللاشنىمۇ قىلمايمەن ئېرەن.
ئاڭلا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتەيمەن بايان:
قەلبىم ئارا قۇردۇڭ مەڭگۈ يوقالماس خانلىق،
نەزىرىمدە سەندىن بۆلەك يوق بىرمۇ جانلىق.

**122**

سەن ھەدىيە قىلغان كىتاب ساقلىنار ھامان
ئەسلىمەمنىڭ بەتلىرىگە ئورنىشىپ - كۆچۈپ،
ئۆتسىمۇ نى قىسمەت سىلىپ تالاي يىل - زامان،
ئۇنىڭ بىرەر قۇر - سۆزىمۇ قالمىغاي ئۆچۈپ.
ھېچ بولمىسا، كاللام بىلەن قەلبىمدىن خۇدا
تارتىپ كېتىپ ھاياتلىقنىڭ ۋەسلىنى تامام،
ئۇلار پۈتكۈل قۇدرىتىدىن بولغۇچە جۇدا،
سېنى ئەسلەپ ئېيتقان غەزەل ئەيلىنەر داۋام.
يوق بۇ كىتاب — ساقلىغۇچتا ئۇنچىلىك ماجال،
مەنمۇ تاشقا چىن سۆيگۈڭنى يورمەسمەن يېزىپ،
شۇڭا ئۇنى قولدىن تەرك ئەيلەپ بىمالال،
سېنى قەلبىم — ئەسلىمەمگە قويدۇممەن سىلىپ.
ئەسلەش ئۈچۈن پۈتۈپ قويسام دەپتەرگە سېنى،
خەلقى ئالەم ئۇنتۇغاق دەپ ئويلايدۇ مېنى.



# گيوتې (گېرمانىيە)

يوھان ۋولفگاڭ گيوتې (1749 — 1832) گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، يازغۇچىسى، دراماتورگى، مۇتەپەككۇرى، گېرمانىيە كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. ئۇ 1749 - يىلى 8 - ئايدا، فرانكفورت شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھېرىسمەن، بىلىملىك ئادەم بولۇپ، خان جەمەتى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان. گيوتې بالىلىق چاغلىرىدا ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت، تەبىئىي پەنلەرگە قىزىقسىمۇ، دادىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن 1765 - يىلى لېيپسىگكە بېرىپ قانۇن ئۆگەنگەن. 1770 - يىلى ستراسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگىنىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇ يەردە «بوران ھەرىكىتى» (گېرمانىيىدە 18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ئەۋج ئالغان ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى) نىڭ ۋەكىلى ھېردېر بىلەن تونۇشۇپ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، «بوران ھەرىكىتى» نىڭ ۋەكىللىك ئادىمىگە ئايلانغان. گيوتې مۇشۇ مەزگىلدە تارىخىي دراما «تۆمۈر قول چەۋەنداز گوتزۋون بېرلىشىنگېن»، شېئىرىي دراما «پرومېسيۇس» ۋە «ئۆسمۈر ۋېرتېرنىڭ ھەسرىتى» ناملىق رومانىنى يازغان. 1775 - يىلى ۋېيمار كىنەزىنىڭ تەكلىپى بىلەن ۋېيمار كىنەزلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە باش ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مۇشۇ مەزگىلدە سىياسىي جەھەتتە مۇتەئەسسىپلىشىش بىلەن بىللە ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ كرىزىسقا ئۇچرىغان. 1786 - يىلى ۋېيماردىن ئايرىلىپ، ئىتالىيىگە بارغان. 1794 - يىلدىن كېيىن شىللېر بىلەن ھەمكارلىشىپ، گېرمانىيە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە

ئەسىرى «فائۇست» قا نەچچە ئون يىللىق ئەمگەك تەرى ۋە سەنئەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشكەن. گېيوتې دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، هومېر، دانتې، شېكسپىرلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ.

## ۋىسال ۋە ھىجران

مىنەي دەرھال ئاتقا، تاپسۇن دىل ئەمىن!
ئۆز ئىشىمنى داۋام ئەيلەي بىمالال؛
ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتتى يەر - زېمىن،
قىلدى پۈتكۈل تاغ - ئىدىرنى تۈن قامال.
تۇرار گىگانت ئادەم كەبى قەد كېرىپ،
كېيىپ كاۋچۇك تۇمانلاردىن تون - چاپان،
زۇلمەت قارا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ،
مارار تۇتۇپ چاتقاللىقنى جاي - ماكان.

تۇتەكلەرنى يېرىپ، تاشلار ئاي نەزەر
زاھىر بولۇپ مۇئەللەقتە پەرىشان،
تۈن شامىلى قاقار يېنىك قانات - پەر،
ئەيلەپ ھەسرەت - پىغاننى نامايان؛
تۇغدى كېچە سانسىزلىغان جىن - شەيتان،
يوق كۆڭلۈمدە ئەمما قىلچە غۇسسە - غەم:
كۆيەر گويا تومۇرۇمدا زور گۈلخان!
دىلدا يالقۇن لەپىلدىتەر تۇغ - ئەلەم!

تاتلىق، ئوماق نەزەر سالساڭ سەن ماڭا،



دىل كۆكسىمدە شادلىق قانات قاقىدۇ؛
قەلبىم مېنىڭ ئۈمۈرۋايەت يار ساڭا،
سەنلا بولساڭ جېنىم ئارام تاپىدۇ.
قىزىلگۈلدەك يارقىن - گۈزەل نەۋباھار
ئەتراپىڭغا بەردى كۆركەم - ئۆز سىياق،
توۋا، رەھىم - شەپقىتىڭگە بولسام زار،
بەختسىزلىك ئاچتى ماڭا كەڭ قۇچاق!

سۇبھى قىزى پۈركىگەندە نۇر - زىيا،
دىلخانەمگە كەتتى قايغۇ - دەرد تاراپ:
سۆيۈشۈڭدە بار ھېسابسىز شاد ناۋا!
كۆزلىرىڭدىن چاقنار چەكسىز ئىزتىراپ!
كېتىپ قالدىم، شۇئان قاپاق تۈردۈڭ ھەم
قاراپ قالدىڭ، كۆزۈڭدە ياش يالتىرار؛
سۆيۈلگۈچى قەلبىدە يوق ھەسرەت - غەم،
سۆيگۈچىمۇ شۇنچە خۇشال - بەختىيار!

## كۆز ياشلاردىن تاپاي تەسەللى

شادلىقنىڭ پەيزىگە چۆمۈلدى ھەممە،
نېمىشقا سەن بۇنچە چېكىسەن ئازاب؟
بولىدۇ نامايان يىغلىغانلىقىڭ،
كۆزۈڭگە بىر قېتىم قويسىلا قاراپ.

«بېگانە ياش تۆككەن بولسامۇ بۇرۇن،
ھەسرەتكە تاشلىغاچ مېنى دىل يارام،

كۆزۈمدىن بەھۇزۇر تۆكۈلگەن يېشىم
بېغىشلاپ كۆڭلۈمگە خۇش كەيپ — ئارام.»

چاقىرار خۇشاللىق سېنى، ئەي دوستۇم:
مەرھەمەت، باغرىمدىن ئالساڭچۇ ماكان!
سەن قانداق نەرسەڭدىن قالدىڭ ئايرىلىپ،
ھەممىنى بىرمۇ بىر ئەيلىگىن بايان.

«بىتەلەي ئادەمنىڭ ھەسرەت - دەردىنى
بىلەتتىڭ قانداقمۇ سېلىپ سۈرەن - جار؟
ئايرىلىپ قالاتتىم يەنە نېمىدىن،
ھېچنەرسە بولمىغان تۇرسا ماڭا يار؟»

سەن تېخى ياش بوغۇن، كۆتەر روھىڭنى،
پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆتكۈزمە بىكار.
بۇ ياشتا ئادەملەر ئالغا ئىنتىلەر
ئۇرغۇپ تەن - جىسمىدىن جاسارەت - مادار.

«ياق، مەندە يوق ئۇنداق چىدام، ئىنتىلىش،
تۇرار ئۇ يىراقتا، ئاھ، مەندىن قېچىپ،
پايانسىز كۆكتىكى يۇلتۇزغا ئوخشاش
كۆز يەتمەس ئېگىزدە يارقىن نۇر چېچىپ.»

ئادەملەر يۇلتۇزنى ئالمايدۇ يۇلۇپ،
ئۇنىڭ زەر نۇرىدىن زوقلىنار پەقەت،
ھەر قېتىم بولۇتسىز كېچە ئاچسا يۈز،



كۆز تاشلار ساماغا شادلىنىپ قەۋەت.

«ساناقسىز كۈندۈزدە [1] مەنمۇ ئەشۇنداق
شادلىنىپ ساماغا تاشلىغان نەزەر؛
ھەر ئاخشام يىغلاپ مەن ئالاي زوق - ھۇزۇر،
يىغلاشقا ئىمكان يار بەرسىلا ئەگەر.»



① شائىر پەقەت كۈندۈزدىلا ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايتتى.

## بلېيك (ئەنگلىيە)

ۋىليام بلېيك (1757 — 1827) ئەنگلىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى داڭلىق شائىرى ۋە رەسسامى، رومانتىزملىق شېئىرىيىتىنىڭ تۇنجى بۈيۈك شائىرى. ئۇ 1757 - يىلى لوندوندىكى بىر ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بىر ئۆمۈر نامراتچىلىقتا رەسسام ئويۇپ تۇرمۇش كۆچۈرگەن. ياش ۋاقتىدا دېموكراتىك پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. ئۇ 12 يېشىدا شېئىر يېزىشقا باشلاپ، 32 يېشىدا «سەبىيلىك ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ توپلىمىدا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ چاكىنا قاراشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، خۇشال بالىلىق چاغلارنى، گۈزەل تەبىئەتنى ۋە باھارنى مەدھىيىلىگەن. 1794 - يىلى «تەجرىبە ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئۆزى بېسىپ تارقاتقان. ئۇنىڭدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ۋە رېئال جەمئىيەتكە بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنچە ئىجادىيەتتە بۇرۇلۇش ياساپ، زور ھەجىمدىكى داستانلارنى يازغان. ئۇنىڭ «تۆت ئىلاھ» ناملىق داستانىدا، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى سودا - سانائىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى پاش قىلىنغان.

بلېيكنىڭ شېئىرلىرى 18 - ئەسىردىكى كىلاسسىكىزم (17 - ۋە 18 - ئەسىرلەردە ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئەۋج ئالغان ئېقىم) نىڭ دوگما ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە قوشاق شەكلى ۋە ئەركىن شەكىللەر ئارقىلىق غايە، تۇرمۇشنى جانلىق، ئوبرازلىق



ئىپادىلەپ بېرىپ، شېئىرىيەتتە يېڭى بىر دەۋر ئاچقان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدا رومانتىزملىق شېئىرىيەتنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى بولۇپ قالغان.

### يولۋاس

يولۋاس، يولۋاس، سېنىڭ زەردەك جۇلايىڭ
چاقنىتىدۇ ئورمانلارنى زۇلمەتتە،
سېنى قانداق خاسىيەتلىك قول ۋە كۆز
ياراتقاندۇ دەھشەت، كۆركەم ھالەتتە.

قانداق يىراق دېڭىز ئاستى بوشلۇقتا
كۆزلىرىڭدە پەيدا قىلغان ئوت - لاۋا؟
چوغ تۇتۇشقا پېتىنغاندۇ قايسى قول؟
قانداق پەر ① دە ئۇچقاندۇ ئۇ كۆك ئارا؟

قانداق بىلەك، قانداق يۈكسەك ئىقتىدار
ۋۇجۇدۇڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن؟
زادى قانداق ئاجايىپ زور پۈت - قوللار
يۈرىكىڭنىڭ سوقىشىغا تەلمۈرگەن؟

قانداق زەنجىر، قانداق بازغان، قانداق پىچ

① پەر — قانات.

باش - كاللاڭنى قانداق تاۋلاپ چىققاندۇ؟
قانداق سەندەل، قانداق بىر كۈچ پىتىنىپ،
ۋەھىملىك شۇ نەرسىنى سىققاندۇ؟

تۆكۈپ يۇلتۇز تال - تال ئالتۇن نۇرىنى،
چۈمسە ئۇنىڭ كۆز يېشىغا كۆك ئاسمان،
تەڭرى بۇ زور ئىجادىدىن كۈلەرمۇ؟
يارالمامتىڭ سەن، يارىلىپ قوي - پاقلان؟

يولۋاس، يولۋاس، سېنىڭ زەردەك جۇلايىڭ
چاقنىتىدۇ ئورمانلارنى زۇلمەتتە،
سېنى قانداق خاسىيەتلىك قول ۋە كۆز
يارىتالىغاندۇ دەھشەت، كۆركەم ھالەتتە؟

## چالما بىلەن تاش

«قىلماس رازى - خوش ئۆزىنى سۆيگۈ - مۇھەببەت،
ياتتۇر ئاڭا تەقدىرىنىڭ غېمىنى يېيىش،
ئەمما، ئەيلەپ خەقلەر ئۇنى تەسەللى - مەدەت،
لەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكتىن يارىتار بېھىش.»

دەيدۇ شۇنداق ئات - ئۇلاغنىڭ پۇتلىرى ئارا
چەيلەنگەن بىر كىچىك چالما ئېيتىپ كۈي - قوشاق؛
ئېرىقتىكى تاشتىن چىققان جاراڭلىق سادا



ئوخشىمايدۇ ئەسلا ئۇنىڭ سۆزىگە بىراق:

«باشقىلاردىن تىلەپ دائىم شادلىق - ئىلتىپات،
ئۆزىنىلا رازى قىلار مۇھەببەت پەقەت،
تەسەللىدىن تۇرغاچ يىراق، بولۇپ خەقلەر شاد،
بېھىشتىكى ئاداۋەتتىن يارىتار لەھەت.»

## ئەجەل بايرىمى

بايلىقى مول، باياشات بىر ماكاندا،
ئېچىنىشلىق كۈن ئۆتكۈزۈپ بالىلار،
جان باقماقتا جازانىخور قولىدا،
بۇ قانداقمۇ ساۋابلىق ئىش سانىلار؟

دەردلىك نىدا ئاتىلامدۇ كۈي - ناۋا؟
خۇشاللىقتىن بېرىلەمدۇ ئاڭا ھەل؟
نېچۈن شۇنچە تولا نامرات بالىلار؟
ئىكەن ئەسلى بۇ بايلىق كۆپ نامرات ئەل!

نۇردىن جۇدا ئۇلارنىڭ كۈن - قۇياشى،
ئېتىزلىرى چۆلدەك قاقاس - باياۋان.
يوللىرىدا ئۆسكەن خۇخا - تىكەنلەر:
ئۇندا دەۋران سۇرەر مەڭگۈ زىمىستان.

چۆشسە پەقەت ئاشۇ جايغا نۇر ـ ئاپتاپ،
تۇرسا يېغىپ يامغۇر — ئاسمان شارابى،
ئاچ ـ زارلىقتا قالماس ئۇندا باللار،
كۆچەر دىلدىن يوقسۇللۇقنىڭ ئازابى.

## سەبىيلىكنىڭ بېشارىتى

بىر تال گۈلدە كۆرۈنىدۇ بىر جەننەت،
بىر تال قۇمدا ئايان بولۇر بىر جاھان.
مەڭگۈلۈكنى دەرھال يىغىپ ساقلاپ قوي،
چەكسىزلىككە ئالقىنىڭدىن بەر ماكان.





## شىللېر (گېرمانىيە)

يوھان كىرىستوف فىرىدرىخ شىللېر (1759 — 1805) گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋە دراماتورگى. ئۇ 1759 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ۋيۇرتېمبېرگ كىنەزلىكىدە تۇغۇلغان. دادىسى يوھان كاسپار ئاشقى كىبىسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ، ھەربىي قىسىمدا دوختۇرلۇق قىلغان. شىللېر ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، كىچىكىدە لاتىن تىلى مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇ تېئولوگىيە (خىرىستىيان دىنىدا دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىدېئالىستىك پەلسەپە ئارقىلىق دەلىللەيدىغان بىر خىل تەلىمات) ئۆگىنىشكە قىزىقسىمۇ، ئەمما كىنەزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن 1773 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپكە كىرىپ، دەسلەپتە قانۇن، كېيىنچە تىببىي ئىلىمنى ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا، شېكسپىر، گيوتې قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئىجادىيەتنى باشلىغان. 1780 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شتۇتگارتتا ھەربىي دوختۇر بولغان. ھەربىي مەكتەپنىڭ قاتتىق ئىنتىزامى ۋە جاپالىق تۇرمۇشى ئۇنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئۆچ قىلغان. ئۇ مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش تەسىرىدە زالىملارنى قامچىلايدىغان دراممىسى «قاراقچى» نى يوشۇرۇنچە يېزىپ چىققان، 1781 ـ يىلى بۇ دراممىنى مانھېيمغا ئەۋەتىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مانھېيم سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، جەمئىيەتنى زىلزىلىگە سالغان. بۇنىڭ بىلەن شىللېر كىنەزنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1782 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شتۇتگارتتىن مانھېيمغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن «مۇھەببەت ۋە سۇيىقەست» ناملىق دراممىنى يېزىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇ 1787 ـ يىلدىن باشلاپ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1789 ـ يىلى گيوتېنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يېنا

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. 1794 - يىلدىن باشلاپ گېيوتېغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، «ئەدەبىيات - سەنئەت يىلنامىسى» دا نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، «ۋاللېنستېين»، «ۋىلھېلم تول» قاتارلىق درامىلارنى يازغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا ناھايىتى كۆپ جاپا تارتقاچقا كېسەل بولۇپ قېلىپ، 1805 - يىلى 5 - ئايدا ۋېيماردا 46 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## شېئىرنىڭ قۇدرىتى

تار جىلغىدىن يامغۇر سۈيى چۈشەر ئېتىلىپ،
قۇدرىتىدىن تەۋرىمەكتە گويا يەر - زېمىن،
تاشلار غۇلاپ ئېقىپ بارار سۇغا قېتىلىپ،
كاۋچۇكلارنى ئالار يۇلۇپ شىددەتلىك ئېقىن؛
شادىيانە ۋەھىمىگە چۈمۈلۈپ ئۇزاق،
يولدا سەيياھ ھەيران بولۇپ تۇرار ھاڭۋېقىپ،
ئاڭدا ئاققان سۇغا سېلىپ تۇرسىمۇ قۇلاق،
بىلمەس ئۇنىڭ كەلگىنىنى قەيەردىن ئېقىپ:
ئاقار شېئىر بۇلاقلىرى مۇشۇنداق ئەبەد،
تاپالمايمىز مەنبەسىنى ئاختۇرۇپ پەقەت.

ئۆمۈر يىپى ئېشەر سۈرلۈك ئايال ئىلاھلار[1]،
ئۇلار بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتىدۇ شائىر،
كىم شائىرنىڭ ناخشىسىغا ياساپ توساق - دار،

[1] يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئۈچ نەپەر تەقدىر ئىلاھەسى.



كىم سېھرىنى يوقىتىشقا بولىدۇ قادىر؟
پەيغەمبەرلىك تايىقىنى يۇرگەندەك ئېلىپ،[1]
ھاياجانلىق دىللارنى ئۇ ئەيلەيدۇ قامال،
قويسا دىلنى زۇلمەت باسقان ئالەمگە سېلىپ،
كۆتمىگەندە يوللار يەنە ئەرشكە خۇشال،
گاھى يالغان، گاھىدا راست ئىغاڭلىتار يا،
ئۇنى بۆلەپ قويۇپ سۆيگۈ بۆشۈكى ئارا.

قەيسەر، گىگانت ئادەم كەبى تاشلىسا قەدەم،
ئۇ ئاجايىپ بىر قىسمەتكە ئايلىنىپ ئەگەر،
ئالۋاستىغا خاس قىياپەت بولۇپ ئاڭا جەم،
خۇشاللىققا كىرسە بۆسۈپ سىرلىق شۇ قەدەر؛
كاتتا زاتلار قۇتلۇقلىشىپ بېرىشەر سالام
ئۇ دۇنيادىن كەلگەن جانغا قەددىنى ئېگىپ،
بارچە نىقاب - چۈمپەردىلەر يىرتىلىپ تامام،
خۇشاللىقنىڭ چۇقانلىرى كېتىدۇ جىمىپ.
بۈيۈك، غالىب ھەققانىيەت كەلسە ئالدىغا،
ساختىلىقلار ئۆزلىرىنى ئالار دالدىغا.

قىلسا شېئىر شۇ يوسۇندا بىر ئېغىز دەۋەت،
ئادەم ناچار ئادىتىدىن ۋاز كېچەر ھامان،
قەدىر - قىممەت روھى دىلدا جۇش ئۇرۇپ قەۋەت،
يوكسەك ھوقۇق دۇنياسىدىن تۇتىدۇ ماكان؛

[1] يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پەيغەمبەر ھېرمېسنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قولىغا تاياق ئېلىپ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنى ئۇ دۇنياغا ھەيدەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ تايىقى يەنە سېھىرلىك رولغىمۇ ئىگە.

شائىر دېگەن ئەلنىڭ ھوقۇقلۇق مۇقەددەس خۇدا،
ئاڭا يېقىن يولالمايدۇ چاكىنا ئادەت،
ئۇ، ھەر قانداق تالاپەتتىن مۇستەسنا ـ جۇدا،
باشقا نوپۇز، ھەيۋىگە ھەم بەرمەس ئىجازەت؛
تولسا سېھرىي كۈچكە ئىگە شېئىرگە ئالەم،
تېپىلمايدۇ ئەسلا غەمكىن ـ پەرىشان ئادەم.

جۇدالىقنىڭ ئازابىغا بولۇپ مۇپتىلا
ھەمدە چۈشكۈن خىياللارغا چۆمۈلۈپ ئۇزاق،
كۆز يېشىنى سۈرتۈۋەتكەن ئوغۇلنى گويا
ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا قايتۇرغان سىياق؛
شېئىر سەرسان ـ سەرگەرداننى يات ئەل — ئاپەتتىن
ئانا يۇرتى — ۋەتىنىگە كېلىدۇ ئېلىپ،
تاج كىيدۈرۈپ ئاڭا يەنە بەخت ـ ئامەتتىن،
ياشلىقتىكى كەيپىنى قىلىدۇ نېسىپ،
ئۇنى مالال قىلماس شۇندا زۇلۇم ـ ئاسارەت،
تەبىئەتنىڭ قوينىدىن ئۇ ئالار ھارارەت.

## ئۈمىد

قىزغىن سۆھبەت قۇرۇشار ئەل ـ ئاۋام ھەر زامان
تەشنا بولۇپ ئىستىقبالنىڭ نۇرلۇق تېڭىغا؛
بىر پەللىنى كۆزلەپ ئالغا باسىدۇ ھامان،
پارلاق نىشان ـ مەقسەت مەھكەم ئورناپ ئېڭىغا.
گاھى قېرىپ، گاھ ياشىرىپ تۇرىدۇ ئالەم،
يېڭىلىنىپ بارسا دەيدۇ ئۇنى ھەر ئادەم.



ئىنسانلارنى ئۈمىد ھايات بېغىغا باشلار،
غەمسىز ـ خۇشال بالىلاردىن بولماس ھەم جۇدا،
مەيتۇن بولۇر ئۇنىڭ سېھرىي نۇرىغا ياشلار،
بۇ دۇنيادىن ئۇنى ئېلىپ كېتەلمەس خۇدا،
ئىنسان ئاخىر يەر ئاستىغا كەتسىمۇ كىرىپ،
ئۈمىدلىرى قەبرىسىدە تۇرار قەد كېرىپ.

بۇ، ئەمەستۇر نادانلارنىڭ كاللىسى ئارا
پەيدا بولغان ئەھمىيەتسىز، پۇچەك خام خىيال،
بۇ، ئىنسانلار يۈرىكىدىن ياڭرىغان سادا:
بىزنى ئىقبال ئىستەكلىرى ئەيلىگەن قامال؛
دىل تۆرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ ئاۋاز — پىكىر
ئىشلەتمەيدۇ ئۈمىدگە يار دىللارغا مىكىر.

## نۇر ۋە ھارارەت

قويدى قەدەم دۇنياغا بىر ئاقكۆڭۈل ئىنسان
خۇشاللىقتا پەۋەس ئىخلاس ـ ئىشەنچكە چۆمۈپ؛
ئۇ ئويلايدۇ: ماڭا مەدەت بەرگەنلەر ھەر ئان
يات ئالەمدە مېنى چوقۇم تۇرىدۇ كۈرۈپ.
ئۇ، مۇقەددەس ئىنتىلىشكە بىقارار بولۇپ،
ھەقىقەتكە تۇرار سادىق قولىنى سۇنۇپ.

ئەمما جىمى نەرسە ئاڭا تۇيۇلار ئەبەد
شۇنچىلىك ئاز، ئەھمىيەتسىز، بىمەنە، پۇچەك،

ياشاش نېسىپ بولسا ئەنسىز دۇنيادا، پەقەت
ئۆزىنىلا قوغداش بىلەن بولۇر ئۇ ھەلەك؛
قەلبى مۇزدەك سوۋۇپ، مەغرۇر ئالىدۇ ئارام،
ھەتتا ئوتلۇق سۆيگۈ ئۇنى قىلالمايدۇ رام.

ھەقىقەتنىڭ زەردەك پارلاق نۇرى - جۇلاسى
بېرەلمەيدۇ بىزگە ھامان ئوتلۇق ھارارەت.
تەلەيلىككە يار بولىدۇ ھېكمەت خۇداسى
قىلمىسىمۇ سىرىپ كۆپلەپ ئەقىل - پاراسەت.
شۇڭا يۈكسەك قۇت - بەختكە ئىنتىلسە يۈرەك،
بولماق شەرتتۇر ئەستايىدىل ھەم ئۆتكۈر - زېرەك.





## ۋادزۋاس (ئەنگلىيە)

ۋىلىيام ۋادزۋاس (1770 — 1850) ئەنگلىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ رومانتىك شائىرى. ئۇ 1770 - يىلى 4 - ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك بىر شەھەردە ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1787 - يىلى كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سېنت جون ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئىتالىيان، فرانسۇز ۋە ئىسپان تىلى ئۆگەنگەن، گرېتسىيە، لاتىن ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان. 1790 - يىلدىن 1791 - يىلغىچە فرانسىيە، ئىتالىيىلەرنى ساياھەت قىلىپ، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1795 - يىلى يېزىدا ئولتۇراقلىشىپ سىياسىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنقىلابقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولۇپ قالغان. 1798 - يىلى كولېرىۋىج بىلەن بىرلىشىپ «لىرىك ناخشىلار» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ توپلام 1800 - يىلى قايتا نەشر قىلىنغاندا، ۋادزۋاس ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازغان. بۇ توپلام ۋە كىرىش سۆز ئېلان قىلىنىپ، ئەنگلىيە شېئىرىيىتىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى بىر مەيدان ئىنقىلابنى پەيدا قىلغان ھەم ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى يېڭى دەۋر — رومانتىزم دەۋرىنى ياراتقان.

ۋادزۋاس ياش ۋاقتىدا فرانسىيە ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە مۇتەئەسسىپلىشىپ، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، يېزا - قىشلاقلاردىكى فېئودال دىنىي شەرىئەتكە ئەقىدە باغلىغان ھەم ئىدېئالىزمنى، سپىرىتۇئالىزم (پەنگە خىلاپ بولغان ۋە ماددىنىڭ رېئاللىقىنى ئىنكار قىلىپ، روھنى رېئال دەپ بىلىدىغان

ئىدېئالىستىك پەلسەپە ئېقىمى) نى كۆككە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «باشلىنىش كۈيى»، «ساياھەت» قاتارلىق داستانى، «لۇس»، «ئورمىچى قىز» قاتارلىق شېئىرلىرى بار. 1843 - يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋادزۋاسقا «شائىرلار تاجى» دەپ نام بەرگەن.

## ئورمىچى قىز

سال نەزەر، تۇرماقتا بۇغدايلىق ئارا
بۇ ئېگىزلىكنىڭ قىزى — بىر دىلرەبا،
ياڭرىتىپ ناخشا ئورار ئورمىسىنى!
توختا بىردەم يا يېقىنلاپ بار ئاڭا!
ئۇ ئوروپ بۇغداينى باغلايدۇ يەنە،
ناخشىسىدا بار ھېسابسىز دەرد - نىدا؛
ئاڭلا! كەلمەكتە ئاجايىپ لەرزىگە
ئەشۇ كۈي ئەۋجىدە چوڭقۇر ساي - جىرا.

بىپايان چۆللەردە كارۋان كۆپ مېڭىپ،
ياپيېشىل ئورماندا دەم ئالسا ھېرىپ،
ئەيلىسە بۇلبۇل شۇ چاغ مۇڭلۇق ناۋا،
دىلغا ئىزگۇ ھېس، ۋۇجۇتقا كۈچ سىلىپ؛
ئۇيقۇدىن ئويغاتسا كۆكلەم پەسلىنى
خېبرىدېس[1] قوينىدا كاككۇك كۈي قېتىپ،
سالسىمۇ چەكسىز دېڭىزنى لەرزىگە،

[1] خېبرىدېس — ئاتلانتىك ئوكياندىكى تاقىم ئاراللار بولۇپ، شوتلاندىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.



مۇڭى بۇ كۈينى چۈشەلمەيدۇ بېسىپ.
قاتتى كۈيگە نېمىنى ئۇ قىز — سەنەم؟
باستىمۇ كۆڭلىنى كونا غۇسسە - غەم؟
ناخشىغا قاتقانلىرى ئۆتمۈشتىكى
ئەڭ ئېغىر قىسمەتمۇ ياكى جەڭ - ئەلەم؟
ئېھتىمال، ئەلگە تونۇش بىر نەغمىدۇر،
بولمىغان زەررىچە ئۆزگە مەنە - تەم.
بار ئىدى تۇرمۇشتا دىشۋارلىق بۇرۇن،
بولىدۇ مەۋجۇت بۇنىڭدىن سوڭرە ھەم.

نېمە بولسا مەيلى ناخشا تېمىسى،
تۇگىمەس گويا ئۇ قىزنىڭ نەغمىسى؛
كۈيگە تەڭكەش ئېگىلگەن بەللىرى،
ئوينىغاي بۇغدايدا ئورغاقنىڭ بىسى.
ئاڭلىدىم ئۈنسىز سىلىپ ئالغا قەدەم،
مەنزىلىم بولدى ئېگىز تاغ چوققىسى.
كەتتى قەلبىم تۆرىگە مەڭگۈ سىڭىپ،
ئورمىچى قىزنىڭ بۇ مۇڭلۇق ناخشىسى.

## نەركەس گۈلگە مەدھىيە

مەن گويا بىر توپ بۇلۇت، سەرسان بۇلۇت،
تۆرىمەن تاغ ئۈستىدە لەيلەپ ھامان،
پەستە ئۈشتۈمتۇت جۇلالاپ زەر كەبى،
بولدى نەركەس گۈل توپى روشەن ئايان.
ئەنە، ئورمان ئاستىدا، كۆل بويىدا

ئېچىلىپ لەرزان ئۇسسۇل ئوينار بۇ ئان.

زىچلىقى سامانيولىنىڭ يۇلتۇزى،
چاقنىتار كۆزلەرنى مەرۋايىتسىمان؛
بويلىغانچە ھەم دېڭىز قولتۇقىنى
سوزۇلۇپ كەتكەن يىراققا بىپايان؛
سال تەزەر، ئۈزلۈق تالاشقاندەك گويا
تەۋرىنەر سەلكىن شامالدا شادىمان.

ياندا زۇمرەت كۆل سۈيى تەۋرەر يېنىك،
يەتمىگەي ئەمما ئۇنىڭغا ھېچقاچان؛
كۆرسە شائىر بۇ خۇشال ھەمراھلىرىن،
شادلىقى بولغاي ئاجايىپ زور قىيان.
نېمە بايلىق بەردى بۇ ھالەت ماڭا؟
بىلمىدىم، باقتىم ئاڭا سۈرمەي زۇۋان.

ھەر قېتىم تەنھا يېتىپ سۈرسەم خىيال،
بولىدۇ كۆڭلۈم مېنىڭ بەك پەرىشان؛
كەچسە يادىمدىن ئاشۇ ھالەت ئەگەر،
قوغلىنار مەندىن تامام جىملىق، پىغان؛
قېتىلىپ شۇ گۈل توپىغا شاد ئۇسسۇل
ئوينىغاي قەلبىم بولۇپ شادلىققا كان.

## باش باھار ئاتا قىلغان ئىلھاملار

باش باھاردا ئولتۇرۇپ قىيپاش يېشىل ئورمان ئارا،
ئاڭلىدىم: ئورماقتا ياڭراپ خىلمۇ خىل نەغمە - ناۋا.



مەن چۈمۈپ ئىزگۈ - گۈزەل ھېسلارغا تۇرغاندا يېنىك،
ئەيلىدى شادلىق شۇئان قەلبىمگە ھەسرەتنى ئاتا.

تەبىئەت ھېس - تەسىراتىمنى مېنىڭ دەستەك ئېتىپ،
قويدى ئىنسان روھى بىرلە كەشپىياتىنى چېتىپ؛
ئۆتمىدى ئادەم ئەجەبمۇ ئۆزئارا ھەمدەم - ئىناق،
دەپ خىيال سۈرسەم، دىلىمدا باردى ئەپغانىم ئېشىپ.

سايىدا نورۇز گۈلىنىڭ توپىنى ئەركىن بوسۇپ،
ياسىشار گۈلچەمبىرەك ۋىنكا گۈلى ئۈزرەڭ تۈزۈپ؛
شۈبھىسىز، ھەر تال گىياھ - گۈل ساپ ھاۋانىڭ بەھرىدە
ياشنىغاي شادلىق - ھۇزۇرنىڭ پەيزىنى ھەردەم سۈرۈپ.

ئوينىشار چۆرەمدە قۇشلار سەكرىشىپ - تاقلاپ ئوماق،
بىلمىدىم، باردۇر ئۇلاردا قايسى ئارمان - ئىشتىياق؛
قوزغىتىپ ئامراقلىقىمنى چىقىرىپ تۇرلۈك خۇلق،
مىسلى شادلىق تۇيغۇسىنى ئەيلىشەر ئىزھار بىراق.

يېيىلىپ بارماقتا يۇمران شاختا غۇنچە يايسىمان،
بۇندا شۇ سەلكىن شامالنى قالسا دەپ ئويلاپ ھامان؛
دەر تەسەۋۋۇر قۇشلىرىم پەرۋاز قىلىپ كۆڭلۈم ئارا:
بۇ نەپىس ھالەتتە شاخنىڭ خوشلۇقى بولغاي ئايان.

بولسا كەلگەن بۇ خىيال، ئىخلاس خۇدانىڭ ۋەھيىدىن،
كائىناتنىڭ خاسىيەتلىك قىسمىتىنىڭ ۋەجىدىن،
بولمىدى ئادەم ئەجەبمۇ ئۆزئارا ھەمدەم - ئىناق،
تۇرمىقىم مۇمكىنمۇ خالىي بۇ ئازابنىڭ دەردىدىن؟

## بايرون (ئەنگلىيە)

جورجى گوردون بايرون (1788 — 1824) ئەنگلىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ شائىرى. ئۇ 1788 - يىلى 1 - ئايدا، لوندوندىكى سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 10 يېشىدا بوۋىسىنىڭ ئىنىسىنىڭ مال - مۈلكى ۋە بارونلۇق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، خاللو ئوتتۇرا مەكتىپىدە ۋە كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1809 - يىلى يۇقىرى پالاتاغا كىرىپ، پالاتا ئەزاسى بولغان، 1809 - يىلدىن 1811 - يىلغىچە ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ئالبانىيە، گرېتسىيە، تۈركىيىلەرنى ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەپەر جەريانىدا ئالغان تەسىراتىغا ئاساسەن «چىلدې خارولدنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق داستانىنىڭ 1 - ۋە 2 - بابىنى يازغان. بايرون 1812 - يىلى يۇقىرى پالاتادا نۇتۇق سۆزلەپ، «ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى پاچاقلىغانلارنى جازالاش توغرىسىدىكى قانۇن لايىھىسى»گە قارشى تۇرۇپ، ئىشسىز قالغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنى ئاقلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، ھوقۇقدارلارنىڭ خەلققە قارشى تۇرۇشتەك ھەقىقىي ماھىيىتىنى پاش قىلغان. 1816 - يىلى باي، ئەمەلدارلارنىڭ تۆھمىتى ۋە ھوجۇمىغا ئۇچراپ، ئىتالىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئىتالىيىدە ئىشچىلارنىڭ ئاۋستىرىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1823 - يىلى، گرېتسىيىنىڭ تۈركىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، بايرون قەلىمىنى تاشلاپ گرېتسىيىگە بېرىپ، گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتناشقان. ئۇ گرېتسىيە ئارمىيىسىگە كىرگەندىن كېيىن كېچە - كۈندۈز ھەربىي



مەشىق، ئۇرۇش قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغاچقا ۋە بۇ جەرياندا بىر قېتىم قاتتىق يامغۇردا قالغاچقا، كېسەل بولۇپ قېلىپ، 1824 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گرېتسىيە ھەربىي قىسمىدا ۋاپات بولغان.

### بولسام دەيمەن غەم - قايغۇدىن خالىي شوخ بالا

دەيمەن: بولۇپ غەم - قايغۇدىن خالىي شوخ بالا،
ئۆتسەم كامار - ئۆڭكۈرلەرنى ماكان — ئۆي ئېتىپ.
يۈرسەم چېپىپ گۈگۈم پەيتى دالىلار ئارا،
پاكى زەڭگەر دولقۇنلارنى ئويناسام كېچىپ.
كەلمەس مېنىڭ تۇغما ئەركىن ئىرادەمگە ماس،
سۆلەتۋازلىق ھەم ئارتۇقچە قائىدە - ئەخلاق؛
تىك، ئېگىز - پەس تاغ يولىنى ئەسلەش ماڭا خاس،
ئىنتىلەرمەن دولقۇن سوققان تاشلارغا ھەرۋاق.

تەقدىرىم، ئېلىپ كەتكىن مۇنبەت ئېتىزنى تامام[1]،
قىلما مېنى بۇ چىرايلىق نام - شۆھرەتكە يار![2]
ئەمدى ماڭا ئەيلىمىسۇن خوشامەت ئاۋام،
چاكارلارنىڭ تەزىمىدىن بولدۇم زەپ بىزار!
سۆيگەن ئېگىز تاغلىرىمغا قويىۋەت مېنى،

① ② شائىر 10 يېشىدا، بوۋىسىنىڭ ئىنىسى (بەشىنچى ئەۋلاد بارون) ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، بايرون ئالتىنچى ئەۋلاد بارون (شېئىردىكى «چىرايلىق نام - شۆھرەت» شۇنىڭغا قارىتىلغان) بولۇپ، ئورنىغا مال - مۈلۈك، يەر - زېمىن (شېئىردىكى «مۇنبەت ئېتىز» شۇنىڭغا قارىتىلغان) غا ۋارىسلىق قىلغان.

ئاڭلاپ دېڭىز شاۋقۇننى ئازادە يۈرەي؛
تومۇرۇمدا ئوخچۇپ قايتا بالىلىق قېنى،
ۋەتىنىمنىڭ جەننەت يەڭلىغ پەيزىنى سۈرەي!

مەن بولساممۇ نادان، شۇنى قىلىمەن خىيال:
ئاپىرىدە بولمىغان بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن؛
باقىي ئالەم كۆلەڭگىسى ئەيلەيدۇ قامال
ئىنسان ئۆمرى چەككە يەتكەن چاغلارنى نېچۈن؟
جەننەتتىكى شۇ ئاجايىپ خىيالىي تۇيغۇ —
شېرىن، گۈزەل چۈشلەرنى مەن چىققان ھەم چۈشەپ؛
ھەي ھەقىقەت، باسسا بۇنداق ئالەمنى ئۇيقۇ،
يىرگىنىشلىك نۇرۇڭ بىلەن ئويغاتتىڭ ئەجەب؟

ئامراق، يېقىن سىرداشلاردىن بولدۇم مەن جۇدا،
ئۆتمۈشتىكى دوستلۇق نەۋاق ئەيلەندى خاراب؛
يەتسە ئۈمىد - ئىستەكلەرگە بىۋاقىت قازا،
مېنىڭ مىسكىن دىلىم قانداق چەكمىسۇن ئازاب!
يوقالسىمۇ يۈرىكىمنىڭ ھەسرەت - نىداسى،
زىياپەتتە ئەمەك بولۇپ چاقچاقتا بىردەم؛
مەجنۇن روھنى ئۇرغۇتسىمۇ كۈلكە ساداسى،
لېكىن، قەلبىم بولۇر مەڭگۈ تەنھالىقتا يەم!

ئۆلپەتلەرنىڭ سۆھبىتىدىن زېرىكتىم ئەجەب!
ئەمەس ئۇلار ماڭا رەقىب، بۇرادەر - دوست ھەم،
بايلىق، تەلەي، كۈچ - ئىمتىياز، ئائىلە - نەسەب
قىلغان مېنى ئۇلار بىلەن بىر سورۇنغا جەم.



بەر قايتۇرۇپ سادىق، ئەزىز دوستلارنى، قېنى،
يا بۇرۇنقى گۈدەكلىكىم، تۇيغۇمنى ئامان!
تۇرسۇن تۈندە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغانلار نېرى،
ئۇلارنىڭ شاد - خۇشاللىقى ساختىدۇر ھامان.

ئوماق ئەركەم — دىل كۆكىمدە پارلىغان قەمەر،
بېرەتتىڭغۇ ماڭا ئۈمىد، تەسەللى - ئارام؟
خۇشچېھرىڭنىڭ سېھرىدىنمۇ قالمىسا ئەسەر،
تۇيۇلمامدۇ ئالەم، ھايات مەن ئۈچۈن ھارام!
ھەشەمەتلىك ھەم ئازابلىق ئادەت - يوسۇندىن
ئەپسۇسلانماي ئايرىلىشنى قىلىمەن خىيال؛
ئۆتسەم دېيمەن خالىي بولۇپ سۈرەن - شاۋقۇندىن،
جىمجىتلىقتا شۈكۈر ئەيلەپ بىر ئۆمۈر خۇشال.

كېتەر بولدۇم تەرك ئېتىپ بۇ قايناق جاينى،
يوق بولسىمۇ ئىنسانلارغا مەندە ئۆچ - قىساس؛
تەشنالىقتا ئىزدەيمەن تار، قاراڭغۇ ساينى،
چۈنكى، غەمكىن كۆڭلۈمگە ئۇ كېلەر بەكمۇ ماس.
بەرسە ئىدى تەڭرى ماڭا بىر جۈپ پەر - قانات،
قونسام بېرىپ ئۆز ئۇۋامغا قۇش كەبىي ئۇچۇپ،
پەرۋازىمغا قوچاق ئاچسا چەكسىز كائىنات،
مەڭگۈ ھوزۇر سۈرسەم جىمجىت ئەرشتە تۇرۇپ.

## يەنە بىر رەت جان تالاشسام...

يەنە بىررەت جان تالاشسام، يېتىمدۇ قازا!

ئۈچ - باغرىمنى لەختە ئەتكەن چوڭقۇر ئازابقا؛
دېسەم يەنە: «ئاھ!» ، قىيالماي سۆيگۈگە، ساڭا،
ئېرىشەرمەن يېڭىباشتىن قايناق ھاياتقا.
رايىمغا يات شەيئى ئارا كىردىم كۆز بوياپ،
كۆنۈپ قالدىم ھېچنەرسىگە قىلماستىن ئېرەن؛
بارچە شادلىق كەتكەن تۇرسا تۇماندەك تاراپ،
قورقاتتىمۇ كاچ قىسمەتلەر سېلىشسا سۈرەن؟

كەلتۈر ماڭا شاراب، راسلاپ سورۇن — زىياپەت؛
ياشاشتىكى مەقسەت ئەمەس تەنھالىق — كۈلپەت:
مەن ئۆزۈمدە ھازىر قىلىپ غەيرىي قىياپەت،
غەمسىز، خۇشال ئادەملەرگە بولايچۇ ئۈلپەت!
ئۆتمۈشتە بۇ پۇرسەت ماڭا بولمىغان نېسىپ،
بۇنىڭ سەۋەب - جاۋابكارى ئۆزۈڭلا پەقەت:
قالدۇرغان سەن مېنى شۇنچە يېگانە - غېرىپ؛
جىمى شەيئى، مەۋجۇتلۇقۇڭ يوقالدى ئەبەد!

چىلتارىمغا ھەمراھ يېنىك، نىمجان كۈي - ناۋا!
ھەسرەت قەستەن ياساپ چىققان تەبەسسۇم — سىياق
گۈزەر - قەبرىنى زىننەتلىگەن قىزىلگۈل گويا،
بىلىنەر ئۇ غەم - قايغۇنى ئەتكەندەك مازاق،
يوقالسىمۇ يۈرىكىمنىڭ ھەسرەت - نىداسى
زىياپەتتە ئەمەك بولۇپ چاقچاقتا بىردەم؛
مەجنۇن روھنى قۇتراتسىمۇ كۈلكە ساداسى،



لېكىن، قەلبىم بولۇر مەڭگۇ مىسكىنلىككە يەم.①

مەن جەزبىلىك - گۈزەل جىمجىت تۈنلەردە دائىم
بوشلۇقلارغا تىكىلەتتىم دەردسىز، بىمالال؛
چۈنكى، ئەرش نۇرى سېنىڭ ئۈيچان، مۇلايىم
كۆزلىرىڭنى چاقنىتار، دەپ قىلاتتىم خىيال.
ئەيلەپ ئېگېي ② دولقۇنلىرى ئۈستىدە سەپەر
دېدىم ئۈنسىز، ئاي ئېگىزدە تۇرغاندا كۈلۈپ:
«سېنىشا بۇدەم سالدى چوقۇم ئۈنىڭغا نەزەر!»
ئەسلى شۇ نۇر تۇرۇپتىكەن قەبرەڭنى سۆيۈپ!

ئاغرىق ماڭا قىلغىنىدا ئۈيقۇنى ھارام،
تومۇرلىرىم تارتىشىدۇ ۋۇجۇدۇم قىزىپ،
زەئىپلىكتە پىچىرلايمەن: «تاپارمەن ئارام،
سېنىڭا تارتقان ئازابىمنى قالمىسا بىلىپ.»
تۈيۈلغاندەك ئەھمىيەتسىز ئىنئامدەك ھامان
قېرىپ نىمجان بولغان قولغا ئەركىنلىك — ھىممەت،
سېيشارىمنىڭ ئۆمۈرگۈلى ئەيلەنسە خازان،
تەڭرى بەرگەن ھاياتلىقتا قالمايدۇ قىممەت!

سېنىشا ماڭا قالدۇرغان ئەي سوۋغات، ھايات ھەم
سۆيگۈ بولۇپ ئۆزگەرمەستىن ساقلاندىڭ ئۇزاق!

---

① يۇقىرىقى تۆت مىسرا شائىرنىڭ «بولسام دەيمەن غەم - قايغۇدىن خالىي شوخ بالا» دېگەن شېئىرنىڭ 4 - كۇپلېتىدىكى ئاخىرقى تۆت مىسراغا ئوخشاپ قالىدۇ.
② ئېگېي دېڭىزى.

يىللار سېنى غەيرىي تۈسكە يار قىلىپ بۇ دەم
نەپىسلىكىڭ زاۋاللىققا يۈزلەندى بىراق!
سەن بىلەن تەڭ ماڭا تارتۇق ئەيلەنگەن يۈرەك
جىمىپ كەتتى — تىلەر ماڭا شۇ قىسمەتنىمۇ!
قەلبىم سوغۇق - مۇز بولسىمۇ خۇددى مۇردىدەك،
بارسەزگۈسى تېخى، سېزەر جۇت - ھەسرەتنىمۇ.

سەن كۆلپەتكە سىمۇول، قايغۇ - ئەلەمگە گۇۋاھ!
تۇر باغرىمدا كەلتۈرسەڭمۇ ئالەمچە ئازاب!
دەز يەتمىگەن مۇھەببەتكە بولۇپ باشپاناھ،
ساڭا ھەمراھ دىلنى قىلما سەدپارە - خاراب!
چۈشكۈنلۈكتىن تاپار سۆيگۈ ئۇلۇغلۇق - پاكلىق،
چارچار، لېكىن تىلار ئېلان ھالاكەتكە جەڭ؛
كېلەر قانداق مىليون دىلدىن ئۇرغۇغان شادلىق
ئۆلگۈچىگە بولغان ئىشق - سەۋدالىققا تەڭ؟



## شېللى (ئەنگلىيە)

پېرسى بىسسى شېللى (1792 — 1822) ئەنگلىيىنىڭ بايرون بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغ شائىرى. ئۇ 1792 - يىلى سۇسسېكستىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1810 - يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، «ئاتېئىزم نەزەرىيىسىنىڭ مۇقەررەرلىكى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ، ئۆزى بېسىپ تارقاتقاچقا، مەكتەپتىن ھەيدەلگەن. شېللى 1812 - يىلى مىللىي زىددىيەت ۋە دىنىي زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ئىرېلاندىيىگە بېرىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرېلاندىيە خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىگەن ھەم «ئىرېلاندىيە خەلقىگە خەت» نى يېزىپ، مائارىپ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي ئەركىنلىك، دىنىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ، 1818 - يىلى ئىتالىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولغان. 1822 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۇ دوستلىرى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىزغا ئويۇنغىلى چىققاندا، قاتتىق بورانغا دۇچ كېلىپ، كېمە بىلەن دېڭىزغا غەرق بولغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئايال پادىشاھ مەب»، «ئىسلام قوزغىلىڭى»، «ئازاد بولغان پرومېتېيۇس» قاتارلىق داستانلىرى ۋە «غەرب شامىلىغا مەدھىيە» قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

## ... غا

1

قالايمىقان ئىشلىتىلگەن بىر سۆز بار،
خالىغانچە ئىشلەتمەيمەن ئۇنى، بەس!
بىر سۆيگۈ بار قىلىنمىغان ئېتىبار،
يەنە ئۇنى كۆرەرسەنمۇ شۇنچە پەس؟
بىر ئۈمىد بار چۈشكۈنلۈككە ئوخشار بەك،
ئايرىلمايدۇ ئىنسانلاردىن ھەم پەقەت؛
ئىچ ئاغرىتساڭ چىن دىلىڭدىن قويماي شەك،
بولۇر ماڭا تېپىلغۇسىز كۈچ ـ مەدەت.

2

بىلدۈرگىنىم ئەمەس سۆيگۈ ـ ھېسسىيات،
ھېسابلىنار پەقەت ھۆرمەت ـ ئېھتىرام،
ئاڭا تەگرى كۆرسىتىدۇ ئىلتىپات،
بىلەلمىدىم، قىلالارمۇ سېنى رام؟
ئۇ مىسالى تەلپۈنۈپ تاڭ پەيزىگە
تۈندە يۇلتۇز تامان ئۇچقان پەرۋانە.
قىلماس نېچۈن يىراقتىكى شەيئىگە
ئېچىنىشلىق بۇ ئالەمنى مەستانە.

## ئەسلىمە

1

سۈرئىتىڭدىن لال بولىدۇ ئۈچقۇر ياز،
گۈل ياشلىقتىن تۇغۇلغان شاد ـ ئاراملىق،



سەن بەخت يار كېچىلەردىن قىسقا ـ ئاز،
كېلىپ شۇئان يوقىلىسەن داۋاملىق،
سەن گويا تۈن ئۇيقۇ بىدار ئەيلەنگەن،
سەن گويا يەر خەس ـ غازاڭلار تۆكۈلگەن،
سەن گويا دىل شادلىق گۈلى چەيلەنگەن،
ئاھ، مەن غېرىب روھى سۇنغان ـ يۈكۈلگەن.

2

قارلىغاچقا ئاچار قايتا ياز چىراي،
ھۇۋقۇشنىمۇ تۈن ئۈمىدسىز قويمايدۇ،
ئاققۇلارنىڭ ياشلىقىلا توختىماي
سەن بىلەن تەڭ پەر قېقىشنى ئويلايدۇ.
بولدۇم نۇرلۇق تاڭ ۋەسلىگە ئىنتىزار،
ئۇيقۇم قېچىپ باستى ئەلەم دىلىمنى،
بېزىسەممۇ قىلمىدى، ئاھ، قىلچە كار،
ئاپتاپ سۆيگەن چۈۋۇق بىلەن قىشىمنى.

3

پىيازگۈلگە قىز كارىۋىتى كېلەر ماس،
قىزىلگۈلگە سۇمبۇل چېچى چوكاننىڭ،
ۋىئولېتقا شور پېشانە چىراي خاس،
كېپىنەكگۈل① خىلى مەندەك ئىمجاننىڭ!
مېنىڭ تىرىك مۇردام ئۇستى لىق ـ پەۋەس
تولدى ئاڭا، قايغۇرمىسۇن ھېچكىمشى،
ھاياتىمغا ئۈمىدىنى، بولدى بەس!
باغلىمىسۇن تۆكۈپ بىكار كۆز يېشى.

① كېپىنەكگۈل — ھەسرەتلىك سېغىنىش ۋە ئەسلىمىنىڭ سىمۋولى.

# كىس (ئەنگلىيە)

جون كىس (1795 — 1821) ئەنگلىيىنىڭ رومانتىك شائىرى. ئۇ 1795 - يىلى 10 - ئايدا لوندوندا تۇغۇلغان. توققۇز ياش ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى قايتا ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئىككى ئىنىسى بىلەن مومىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. 1815 - يىلى لوندوندىكى بىر دوختۇرخانىغا كىرىپ دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن.

كىس كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، هومېر، شېكىسپىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، ئىجادىيەتتە ۋادزۋاسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1817 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «شېئىر» ئېلان قىلىنغان، 1819 - يىلى كىس ئىجادىيىتىنىڭ هوسۇللۇق يىلى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا «سېنت ئېگنىسنىڭ كېچىسى»، «بۇلبۇل»، «گرېتسىيىنىڭ قەدىمكى ئىدىشى»، «هەسرەت»، «قەلب» قاتارلىق داستانلارنى ۋە «شەپقەتسىز جادۇگەر» قاتارلىق بىر بۆلۈك نادىر شېئىرلارنى يازغان. ئۇ، 1821 - يىلى رىمدا ئۆپكە تېبىركۇليوز كېسىلى بىلەن 26 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## شەپقەتسىز جادۇگەر

ئەي، چەۋەنداز، يۈردۈڭ تەنها لاغايلاپ،  
يېتىپ ساڭا قايسى ئىشنىڭ بالاسى؟  
قۇرۇپ قاقشال بولدى كۆلدە قومۇشلار،  
ئاڭلانمايدۇ قۇشلارنىڭمۇ ناۋاسى!



ئەي، چەۋەنداز، قىلدى سېنى مۇپتىلا  
بۇنچە مەيۈس - سۇلغۇنلۇققا قانداق غەم؟  
يېمەكلىككە تولدى تىيىن ئۇۋىسى،  
ئامبارلاردىن ئورۇن ئالدى ئاشلىق هەم.

ئېۋەن، داغدىن خالىي سۈتتەك چېكەڭگە  
ياماشماقتا كېسەللىكنىڭ ئىزناسى،  
قىزىلگۈلگە ئوخشار ئىدى چىرايىڭ،  
ئۆچەي دەپتۇ ئۇنىڭ يارقىن جۇلاسى.

ئۇچراتتىم بىر جادۇگەرنى چىمەندە،  
پەرىشتىدەك نۇرلار تامار يۈزىدىن،  
ئۆزى جەبدەس، چېچى سۇمبۇل، ۋە لېكىن  
ياۋايىلىق يېغىپ تۇرار كۆزىدىن.

ياساپ چىقتىم تېرىپ خۇشبۇي گۈللەرنى  
سېپتا بەلباغ، بىلەزۈك هەم تاج ئاڭا،  
ئۇھ تارتىدۇ شۇنچە رايىش سىياقتا  
هەقىقەتەن كۆيگەن كەبى ئۇ ماڭا.

ئولتۇردى دەل قىلىپ ماڭا ئالدىنى  
تۇلپارىمغا مىندۇرگەندە مەن ئۇنى،  
ئۇنىڭ سىرلىق ناخشىسىنى ئاڭلىدىم  
هېچ ئىش بىلەن كارىم بولماي كۈنبويى.

نازۇ نېمەت، هەسەل، ئوت - چۆپ يىلتىزى،

مېۋە ـ چېۋە تېرىپ كېلىپ ئۇ ماڭا،
دېدى غەيرىي ـ بۆلەكچە بىر ئاھاڭدا:
«چىن قەلبىمدىن ئاشىق بولدۇم مەن ساڭا!»

ئۆڭكۈرىگە مېنى باشلاپ ئاپاردى
چېكىپ ھەسرەت ئىشەندۇرۇپ ئۆزىگە،
ئاشۇ يەردە سۆيۈپ قويدۇم تۆت قېتىم
ياۋايىلىق يېغىپ تۇرغان كۆزىگە.

ئۇ تاشلىغاچ مېنى غەپلەت ئۇيقۇغا،
بولدى ماڭا قاباھەتلىك چۈش ئايان!
جادۇگەرنىڭ ئۆڭكۈرىدە تۇرارمىش
جەسۇر قامەت شاھزادە ھەم شاھ ـ خاقان.

يەنە ئۇندا بارمىش سانسىز چەۋەنداز،
كۆرۈنەرمىش كۆزگە زەئىپ شۇ قەدەر؛
ۋارقىرايمىش ئۇلار: «تۇتقۇن ئەيلىدى
سېنى بۈگۈن ئۇ شەپقەتسىز جادۇگەر!»

ئېچىلغانمىش چىشسىز ـ كوماك ئېغىزى
قاراڭغۇدا بېرىپ خەۋەر ئاپەتتىن؛
كۆردۈم مۇزدەك تاغ باغرىدا ئۆزۈمنى
باش كۆتۈرۈپ ئېغىر ئۇيقۇ ـ غەپلەتتىن.

شۇڭا بۇندا يۈردۈم تەنھا لاغايلاپ،
يېتىپ ماڭا چۈشكۈنلۈكنىڭ بالاسى؛



كۆلدە قومۇش قۇرۇپ قاقشال بولسىمۇ،
ئۈچىسىمۇ ھەم قۇشلارنىڭ كۈي ـ ناۋاسى.

## ئادەمدىكى تۆت پەسىل

(سونېت)

دەۋر قىلىپ پەسىل — مەۋسۇم ئايلىنار يىلغا،
بولۇر ئادەم كاللىسىدا تۆت پەسلىمۇ ھەم،
بېغىشلىسا خۇشاللىقنى باھارى دىلغا،
ئەيلەر گۈزەل مەنزىرىنى ئارزۇلىرى جەم؛
كەلسە ئۇنىڭ تومۇز يازى، قويىدۇ ھامان
باھارىنىڭ ھۇزۇرىنى ئېسىگە سېلىپ،
خىياللىرى ئۇچۇپ ئېگىز بوشلۇقلار تامان،
چىقار ئۇنى سەلتەنەتلىك ئەرشكە ئېلىپ؛
كۈزدە سۈكۈت دىل كۆكىگە كېتىدۇ تاراپ؛
شۇندا توختار خىياللىرى قېقىشتىن قانات.
مەمنۇن بولۇر تۇمانلارغا مادارسىز قاراپ،
چۈمۈپ سۇسلۇق ـ بوشاڭلىققا ئۆتكۈزەر ھايات.
بەدبەشىرە، زەئىپ قىشى ئاچقاندا قۇچاق،
ئادەمگە خاس ماھىيەتتىن كېتەر ئۇ يىراق.

# مىسكېۋىچ (پولشا)

ئادام مىسكېۋىچ (1798 — 1855) پولشانىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى، پولشا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قەيسەر جەڭچىسى. ئۇ 1798 - يىلى 12 - ئايدا، نوۋگورودىك ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئادۋوكات بولۇپ، ئىلگىرى مىللىي قوزغىلاڭغا قاتناشقان. مىسكېۋىچ كىچىكىدىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1815 - يىلى ۋىلنو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1822 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى، 1823 - يىلى «گراشىنا» ناملىق داستانىنى ۋە «پەيغەمبەر مەرسىيىسى» ناملىق شېئىرىي درامىسىنىڭ 2 -، 4 - بۆلۈمىنى ئېلان قىلغان ۋە يازغان.

1823 - يىلى پولشا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى چارروسىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، مىسكېۋىچ قولغا ئېلىنغان ۋە 1824 - يىلى روسىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ جەرياندا پۇشكىن ھەم روسىيە دېكابىرىستلار پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. 1829 - يىلى روسىيىدىن ئايرىلىپ، ئىتالىيىگە بېرىش سەپىرىدە گېرمانىيىدە توختاپ، گيوتې بىلەن كۆرۈشكەن. 1830 - يىلى ۋارشاۋادا چارروسىيىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلاپ، مىسكېۋىچ قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن پولشاغا ماڭغاندا، يولدا توسۇلۇپ قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گېرمانىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. بۇ



جەرياندا «پەيغەمبەر مەرسىيىسى» نىڭ 3 - بۆلۈمىنى يازغان. 1832 - يىلى پارىژدا ئولتۇراقلىشىپ، فرانسىيىدىكى پولشا مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىلغار مەجمۇئەسى — «پولشا ئېكسكۇرسىيىچىلىرى» نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1848 - يىلى پولشالىق پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، ئىتالىيىنىڭ ئاۋستىرىيىگە قارشى مىللىي ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1855 - يىلى روسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، مىسكېۋىچ دەرھال تۈركىيىگە بېرىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، چارروسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما چۇما كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، شۇ يىلى 11 - ئايدا كونستانتىنوپول (ئىستانبول) دا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «قىرىم سونېتلىرى»، «پەيغەمبەر مەرسىيىسى»، «ياشلىق قەسىدىسى»، «گراشىنا» قاتارلىقلار بار.

## ئارسالدىلىق

ئەقلىم لال بولمىغان كۆرگەندە سېنى،
كۆرمەستە ئەسلىغۇ چەكمىگەن ھەسرەت.
ۋە لېكىن تالاي چاغ كۆرۈشمەي دىدار،
غەمكىنلىك قەلبىمدە ئەيلىدى ئىشرەت.
سورايمەن سېغىنىش ئىچرە ئۆزۈمدىن:
«دوستلۇقمۇ بۇ ياكى سۆيگۈ - مۇھەببەت؟»

قالمىغان يادىمدا ھەتتا كۆلەڭگەڭ
ئالدىمدىن سەن غايىب بولغان شۇ سائەت.

چۈشەندىم، ئەسلىدە ئۇي ـ خىيالىمنى
تامامەن ئۇ قامال ئەيلەپتۇ ئەبەد.
سورايمەن ئۆزۈمدىن مەن بۇندا يەنە:
«دوستلۇقمۇ بۇ ياكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت؟»

قىلمىدىم مەن ساڭا كۆڭلۈمنى ئىزھار،
يۈرىكىم بولسىمۇ چەكسىز بىتاقەت.
مەقسەتسىز ئايلىنىپ قاپتىمەن كېلىپ
بوسۇغاڭ ئالدىغا بىلمەي نەچچە رەت.
شۇ پەيتتە كاللامنى چىرمىدى سوئال:
«بۇ نە ئىش؟ دوسلۇقمۇ ياكى مۇھەببەت؟»

سېنى دەپ دوزاختا كىرسەممۇ مەيلى،
شادلىقىڭ مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت.
غۇبارسىز قەلبىمدە يوق ئۆزگە ئارزۇ،
بولساڭلا بىر ئۆمۈر خۇشال، سالامەت.
ئاھ، يەنە سورايمەن ئۆزۈمدىن شۇ تاپ:
«دوستلۇقمۇ بۇ ياكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت؟»

ھەر تۇتسام ئەۋرىشىم، نازۇك قولۇڭنى،
بولىمەن ئالغاندەك ئالەمچە لەززەت.
بىلىنىپ چۈش ئىچرە ئۆتكەندەك ھايات،
ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن قوغلىنار غەپلەت.
شۇ زەربە بار ئۈندە سورايدۇ مەندىن:
«دوستلۇقمۇ بۇ ياكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت؟»



مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئېيتقاندا ناخشا،
ئېتەلمەس ئاغزىمنى ئىلاھىي قۇدرەت.
بىلمەيمەن ئۆزۈممۇ، پىكىر ۋە ئىلھام
قەيەردىن كەلگەندۇ؟ بۇ بىر كارامەت!
نېمىدۇر قەلبىمنى لەرزىگە سالغان؟
«دوستلۇقمۇ ۋە ياكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت؟»

## نېمان دەرياسىغا

(سونېت)

مەن ئالتۇن دەۋرىمدە كېچىپ شاد ـ خورام
ئويىنىغان ئېقىنلار كەتكەندۇ قايان؟
ۋەھىمە، دىشۋارلىق ئۇنتۇلۇپ تامام،
شۇ يەردە ياشلىقىم ئۆتكەن شادىمان.
ئۆرۈلگەن چېچىنى ئويىنىتىپ، چۇۋۇپ،
سۇدىكى ئەكسىگە قارايتتى رولا.
چىن سۆيگۈ يېشىمغا كەتكەن قوشۇلۇپ،
زۇمرەتتەك ئېقىندا تۇرغان شۇ شولا.
ئەي نېمان دەرياسى، قېنى شۇ ئېقىن؟
ئۇ بەرگەن ئۈمىد ھەم بەختنى ماڭا.
قېنى ئۇ بالىلىق، دوست ـ يارلار؟ دېگىن،
بىھۇدە ئېتىبار قىپتىمەن ساڭا!
رولارىم قەيەردە؟ كەتسە ئۇ يوقاپ،
ياش تۆكمەي قانداقچە تۇرىمەن چىداپ؟

## ئائىدا[1]

(سونېت)

ھېرىسمەن قاراشقا ئائىدادا تۇرۇپ،
بۇژغۇنلار پۇركىگەن دولقۇنغا شۇنچە.
كەلسە تۈن لەشكىرى قار كەبى ئۇچۇپ،
چاچرايدۇ بوشلۇققا ساناقسىز ئۈنچە.
دولقۇنلار ساھىلغا ئۆزىنى ئۇرۇپ،
زور لەھەڭ مىسالى كۆتۈرەر غەليان.
دېڭىزغا قايتقاندا كېتەر قالدۇرۇپ
قۇلۇلە قېپى ۋە ساناقسىز مارجان.
ئاھ! شائىر، ھېسلىرىڭ دولقۇنلۇق شۇنداق!
قەلبىڭدە ھاياجان ئۇينار ئاجايىپ.
چىلتارنىڭ تارىنى ئۇيناتساڭ بىراق،
قالىدۇ ئەسلىمە، ھېسلىرىڭ غايىپ.
قالدۇرۇپ كەت شۇنداق ئۆلمەس كۈي - قوشاق،
ئۇ ساڭا بەرگۇسى ئۆمۈرلۈك ئاتاق.

## دېڭىزچى

دەھشەتلىك دولقۇنلار سۇرۇپ قوغلىغان
كىچىك بىر قولۋاقنى ئۇچراتساڭ ئەگەر،
قايغۇرۇپ ئانچىلا چەكمىگىن ئازاب،
ياش تۆكمە، كۆزۈڭگە يەتمىسۇن زەرەر!

[1] ئائىدا — قىرىمنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك يېرىم ئارال.



ئۇ، تۇمان ئىچىدە بولسىمۇ غايىپ،
ھاياتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلمەس پەقەت.
ئەجەلنىڭ لەشكىرى كەلسە يېقىنلاپ،
كۆز يېشى قانداقمۇ بېرىدۇ مەدەت؟

ياق! مەن شۇ دەھشەتلىك دولقۇنلار بىلەن
ئېلىشىپ بىر ئۆمۈر، ئاققۇزمايمەن ياش.
يات ماڭا، ساھىلغا چىقىپ يېرىم جان،
ئېچىنىش ئىچىدە يارامنى ساناش.

## سەرگەردان ناخشىسى

چىچەكلەپ دەلدەرەخ بىر ئۈز بۇ يىلنىڭ نەۋباھارىدا،
بولۇر مەست شۇ چىچەكلەرنىڭ تاراتقان ھىد - ئىپارىدا،
ئېرىقلاردا ئاقار سۇلار، قىلار بۇلبۇل ناۋا - نەغمە
قېتىپ ئاۋاز قۇرتلارنىڭ يېقىملىق كۈي ئۇدارىغا.

نېچۈن قەلبىمدە تەگسىز خام خىياللار ئەيلىشىپ ئىشرەت،
قۇچاقىنى بۆشۈك ئەتتى ماڭا بۇ دەم ئەلەم - ھەسرەت؟
سەۋەب شۇكى، غېرىبلىق، ۋەسۋەسىگە مۇپتىلا كۆڭلۈم،
سۇرەيمەن گۈل - چىچەكنىڭ پەيزىنى كىمگە بولۇپ ئۈلپەت؟

گۈگۈم پەيتى ئىشىكنىڭ ئالدىدا كۈيچى - غەزەلخانلار
تۈزار ئېيتىپ ئەجەب مۇڭلۇق، يېقىملىق ناخشا - داستانلار،

گىتارنىڭ كۈي ـ ناۋاسى ھەم ئازابلىق، مەنىسىز زۇلمەت
غېرىبلىقنى ئېتىپ تارتۇق، كۆزۈمدىن ئاقتى ياش ـ قانلار.

بولۇر شاد كۈيچىگە شەيدا، قىلىپ كۈل خەق ۋۇجۇدىنى،
ئايان ئەيلەر گۈزەللەرگە كۆڭۈل ئىشقى، غۇرۇرىنى،
ماڭا بۇنداق غەزەل ـ كۈيلەر بېرەلمەس ھېچ ئارام ـ شادلىق،
سۇرەي كىملەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ پەيزى ـ ھۇزۇرىنى؟

پۈتۈلگەن بۇ تېنىم چەكسىز ئازاب ـ ھەسرەت، ھاياجاندىن،
كېتەلمەيمەن ئانا يۇرتقا كىشىنىڭ يۇرتى — زىنداندىن.
ئەلەملىك تەقدىرىمنى مەن بۇگۈن كىمگە قىلاي ئىزھار؟
قاراڭغۇ گۆرگە كىرگەن پەيت تۈگەر سەرسانلىقىم ئاندىن.

بېرىپ تەقدىرگە تەن، ئۈنسىز شۇ كۈيلەرگە قۇلاق سالدىم،
شامالدا نۇر تۆكۈپ تۇرغان چىراغ ـ شامغا قاراپ قالدىم؛
بەزەن قەلبىمدە بىر ناخشا ـ غەزەلنى ئىختىرا ئەتسەم،
بەزەن قولغا تۇيۇقسىزلا ئازاب ئىچرە قەلەم ئالدىم.

دىلىمدا ئەڭ ئېسىل ئەشئار بىلەن ئىزگۈ خىياللار بار،
ئىجاد بوستانىدا دائىم ماڭا ئىلھام پەرىسى يار،
مېنىڭ روھىم ئازابتىن كۆڭلى سۇنغان تۇل خوتۇن گويا،
بۇ يەردە شۇ يېقىملىق كۈيلىرىمگە كىم بولۇر خۇشتار؟

يازارمەن كۈندە ئەشئار ئوي ـ خىيالىمنى ئېتىپ ئىزھار،
نېچۈن ھازىرغىچە بەرمەس ئارام دىلغا ئازاب — دىشۋار؟



ياشانغان تۇل خوتۇن بولغاچقا روھىم، بۇ ئازابلارنى
چۈشەنمەيدۇ يېتىملەردىن بۆلەك ھېچبىر كىشى زىنھار.

پەسىللەر قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئەسلا ئارقىغا باقماي،
بوران ـ يامغۇر يېتىپ كەلدى، ئۇچۇق كۆكنى تۇمان باسقاي.
غېرىبلىق بىرلە بويتاقلىق ئەسىر ئەتكەچكە، سەرگەردان
ئۆمۈر ۋايەت مۇشۇنداق دەرد ـ ئەلەم دەرياسىدا ئاققاي.



# پۇشكىن (روسىيە)

ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن (1799 — 1837) روسىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، «رۇس شېئىرىيىتىنىڭ قۇياشى»، روسىيە يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، رۇس ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىجادچىسى. ئۇ 1799 - يىلى موسكۋادىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، سەككىز يېشىدىن باشلاپ فرانسۇزچە شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشكەن. 1811 - يىلى، پېتربۇرگتىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان خانلىق كەنت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن ھەم ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باشلىغان. 1817 - يىلى خانلىق كەنت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، 1819 - يىلى دېكابىرىستلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى — «بەختىيار ئىتتىپاق» بىلەن ئالاقىدار بولغان ئەدەبىيات جەمئىيىتى — «يېشىل چىراغ جەمئىيىتى» گە قاتناشقان.

پۇشكىن 1820 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شېئىرىي رومان — «روسلان بىلەن ليۇدمىلا» نى ۋە «ھۆرلۈك قەسىدىسى»، «چائادايېفقا»، «قىشلاق» قاتارلىق داڭلىق شېئىرلارنى يازغان. بۇلار ئەينى چاغدا زور تەسىر قوزغاپ ئالېكساندىر I نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن پۇشكىن جەنۇبىي روسىيىدىكى كىشىنيوفقا سۈرگۈن قىلىنغان، 1823 - يىلى ئودېسساغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئودېسسا باش ۋالىيسىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، ئىككىنچى يىلى 7 - ئايدا، پسكوف ئوبلاستىدىكى مىخائىلوۋسكىي يېزىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشىغان. پۇشكىن بۇ مەزگىلدە «سىگان» داستانىنى ۋە «ئېۋگېنىي ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە بابىنى يازغان.



1825 - يىلى دېكابىرىستلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چار پادىشاھ نىكولاي I پۇشكىننى موسكۋاغا قايتۇرۇپ كەلگەن. 1831 - يىلى پۇشكىن گانچاروۋا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، پېتربۇرگقا كېلىپ، يەنە دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە خىزمەت قىلغان. 1834 - يىلى، فرانسىيىلىك بارون دانتېس پېتربۇرگقا كېلىپ، چارروسىيە گۋاردىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق پولكىدا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا پۇشكىننىڭ ئايالى گانچاروۋانى قوغلاشقان. 1837 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، پۇشكىن ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن دانتېس بىلەن دۇئېلغا چۈشكەن، پۇشكىن دۇئېلدا يارىلىنىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

پۇشكىن قىسقىغىنە ھاياتىدا 800 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 10 نەچچە پارچە داستان، رومان، شېئىرىي رومان يازغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئېۋگېنىي ئونېگىن»، «كاپىتان قىزى»، «بورىس گودۇنوف»، «روسلان بىلەن ليۇدمىلا» قاتارلىقلار بار.

## رەسسامغا

ئىلاھ ھەم ئىلھامنىڭ ئەي ئەركە ئوغلى،
يالقۇنلۇق ھېس ھەمراھ بولغاندا ساڭا،
شادلىقتا بىمالال تەۋرىتىپ قەلەم،
گۈل يۈزلۈك دىلبەرنى سىزىپ بەر ماڭا.

سىز ئۇنىڭ ھۆر سۆيەت پاك سۆباتىنى،

ئەقلىمنى لال ئەتكەن ئوماق يۈزىنى،
سىز ئىللىق، يېقىملىق تەبەسسۇمى ھەم
تەڭداشسىز سېھىرگە تولغان كۆزىنى.

قوي چوقۇم ۋېناسىنىڭ بەلبېغى[1] نى سەن
چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بېلىگە تاقاپ،
ھېچ ئىنسان كۆرمىگەن گۆھەر - ئۈنچىلەر
قول، مەيدە، بويىندا تۇرسۇن يالتىراپ.

سۇس — مەيىن دولقۇندەك تەۋرىگەن كۆكسى
نېپىز تور شايىدا ئەيلەنسۇن قامال،
شۇندىلا كۆرۈنمەس خۇرسىنىشلىرى
ھەم نەپەس ئالىدۇ يېنىك، بىمالال.

چاقنىسۇن خىجىلچان سۈيگۈ ئىستىكى
ئىشقىمنى رام قىلغان شۇ قىز چېھرىدىن،
مەن قوياي رەسىمنىڭ ئاستىغا ئىمزا،
ئامەتكە يار بولۇپ ئۈنىڭ سېھرىدىن.

① ۋېناسنىڭ بەلبېغى — مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى.



## سەن ۋە مەن①

سەن كاتتا باي — پۇلدار، مەن نامرات — گاداي؛
سەن دىتسىز، چاكىنا، مەن كۈيچى — شائىر؛
سەندە بار ئاناردەك قىزىل يۈز - چىراي،
ئاھ، مەندە جەسەتتەك زەئىپلىك زاھىر.

سەن ئوردا - قەسىردە ياشايسەن ھامان،
دەرد - ئازاب بىر ئۆمۈر تىلسىمات ساڭا؛
كۈنبويى ئالدىراپ ئۆتۈش، غەم - پىغان،
چۈشكۈنلۈك بەخشەندە ئەيلەنگەن ماڭا.

ھەر كۈنى يېيىشىڭ مەززىلىك تائام،
ئىچىشىڭ ئەڭ ئېسىل، لەزىز مەي - شاراب.
ئۆتىدۇ ھاياتىڭ مېھنەتسىز — ھارام،
نەبىئەت ئەجرىگە قايتۇرماي جاۋاب.

مەندە بار قاتتىق نان، سوغۇق سۇ بىراق،
قۇدرىتىم يېتىدۇ شۇنىڭغا پەقەت،
چاپسەن پالاقلاپ يىراقتىن يىراق،
تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياج — غېمىدە ئەبەد.

① بۇ شېئىر چار پادشاھ ئالېكساندىر ا گە قارىتىپ يېزىلغان.

تۇرىدۇ كۆزۈڭدىن زالىملىق يېغىپ،
يېنىڭدا بار سانسىز خىزمەتكار، دېدەك،
پاختىدەك يۇمشاق ئاق لاتىنى ئېلىپ،
ساغرائڭنى سۈرتۈشكە قىلىسەن كېرەك.

مەندە يوق بۇ مەينەت كامارنى يامان
ھەم ئەركە ئۆگەتكەن ئادەت قىلچىلىك،
خۇۋستوف[1] توقۇغانئەزمىدە ھامان
سۈرتەرمەن، قەغىزى بولسىمۇ يىرىك.



① خۇۋستوف — چار پادىشاھنىڭ ياللانما ئەدىبى.



# لاڭفېللو (ئامېرىكا)

ھېنرى ۋادزۋاس لاڭفېللو (1807 — 1882) ئامېرىكىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق شائىرى. ئۇ 1807 - يىلى ماين شتاتىنىڭ پورلاند شەھىرىدە ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. لاڭفېللو كىچىكىدىن باشلاپلا ھەمىشە دېڭىز - ئوكيانلاردا يۈرىدىغان ماتروسلارنىڭ تۇرمۇشى، ۋەتىنىنىڭ تارىخى، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر، ئامېرىكا كۆچمەنلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ھەم ئىندىئانلارنىڭ ئەپسانىلىرىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى.

ئۇ 1825 - يىلى بودېيىن ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان ۋە ئۇ يەرلەردە تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بودېيىن ئىنستىتۇتى ۋە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەنگەن، 1854 - يىلدىن باشلاپ، رەسمىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. لاڭفېللو «ھايات ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن نەزەرىيىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى. ئۇ، شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن «چوڭقۇر مەنىلىك شېئىرىي شەكىللەر ئارقىلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسىنى يارىتىش ھەم بۇ جەرياندا بىر ئەۋلاد شېئىر كىتابخانلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش» نى ئۆز بۇرچۇم، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتقا، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە تويۇنغان بولۇپ، ئامېرىكىدا كەڭ تارقالغان، ياۋروپادا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «كېچىدىكى ئاۋاز»، «شېئىر - قوشاق ۋە باشقىلار»، «ئىۋانگىرىن»، «خەيۋاسا ناخشىسى»، «مايىرس ستاندىشنىڭ توي قىلىش تەكلىپى» قاتارلىق

شېئىرلار توپلاملىرى ۋە داستانلىرى بار.

## يا ئوقى ۋە ناخشا

بىر تال يا ئوقىنى ئاتتىم ئاسمانغا،
قەيەرگە چۈشكەندۇ، بىلمەيمەن ئۆزۈم؛
دەقىقە ئىچىدە كەتسە ئۇ ئۇچۇپ،
قانداقمۇ يېتىشسۇن ئۇنىڭغا كۆزۈم؟

ئېيتتىم بىر ناخشىنى ئاسمانغا قاراپ،
بىلمىدىم، قەيەرگە چۈشتى ئۇ ئۆزى؛
ئۇچقان كۆي - ناۋانى قوغلاپ يەتكۈدەك
كىملەرنىڭ بار شۇنداق ئۆتكۈر جۈپ كۆزى؟

كۆپ زامان ئۆتكەندە كۆردۈم: يا ئوقى
كاۋچۇكقا سانچىلىپ تۇرۇپتۇ پۈتۈن؛
ئۇچراتتىم مەن ئەشۇ ناخشامنىمۇ ھەم
دوستلارنىڭ قەلبىدە ئۆز پېتى بۈگۈن.

## ھايات قەسىدىسى

دېمىگىن ھەسرەتلىك مىسرادا" ماڭا:
«ھاياتلىق بىر قېتىم كۆرگەن چۈش پەقەت.»
ئۇيقۇغا كەتتى روھ، ئۆلدى ئۇ دېمەك،
شەيئىنىڭ ئىچ - تېشى ئوخشىماس ئەبەد.



ھاياتلىق — ھەقىقەت! ھاياتلىق — چىنلىق!
ئۇنىڭغا پاناھ جاي ئەمەستۇر مازار؛
«قايتماق شەرت تۇپراققا، سەن ئەسلى تۇپراق»①
بۇ تەنگە باب كېلۇر، روھقا قىلماس كار.

ئەمەس ھېچ تاللىغان مەقسەت، يولىمىز
ھالاۋەت سۈرمەك يا تارتماق دەرد - ئەلەم،
ئەكسىچە، تىرىشىش، ھالقار بۈگۈندىن
تاشلىشىپ ئەتىلەر يېڭى بىر قەدەم.

يىللار تېز ئۆتىدۇ، خورىماس ئەقىل؛
مەردانە بولسىمۇ بۇ يۈرەك ھامان،
خىرقىراق ئۈنلەردە چېكىلىپ داپتەك،
بىر - بىرلەپ يوللىنار قەبرىگاھ تامان.

بۇ دۇنيا مىسالى پايانسىز جەڭگاھ،
ھاياتقا گازارما بولغان ھەممە يەر؛
دورىماي ھەيدەلگەن تىلسىز ھايۋاننى،
بولماق شەرت قەھرىمان، جەڭگە ماھىر ئەر!

تايانما ئىقبالغا بولسىمۇ گۈزەل!
دەپنە قىل ئۆتمۈشنى، بول ئۇندىن جۇدا!
تىرىشقىن، پۇرسەت دەپ بىلىپ بۈگۈننى!
مەيدەڭدە يۈرەك بار، ئۈستۈڭدە خۇدا!

---

① بۇ، يەھۋانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزى.

ئۇلۇغلار ھاياتى ئۇقتۇردى شۇنى:
مەنىلىك ياشاشقا تامام قادىر بىز،
كېتەرمىز دۇنيادىن يەتكەندە ئەجەل،
يىللارنىڭ بويىدا قويۇپ بەلگە — ئىز.

ئېھتىمال، چىقىپ بىر قېرىنداشىمىز
ھاياتلىق دېڭىزى ئارا سەپەرگە،
ئالار بىز قالدۇرغان ئىزدىن كۈچ - مەدەت،
يولۇقسا ئەجەللىك خېيىمخەتەرگە.

بىز شۇڭا ھەر قانداق قىسمەت ئالدىدا
تەڭداشسىز قۇدرەتنى ئەيلەيلى زاھىر؛
تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ئالغا ئىنتىلىپ،
ئەمگەككە، كۈتۈشكە بولايلى ماھىر.





## لېرمونتوف (روسىيە)

مىخائىل لېرمونتوف (1814 — 1841) روسىيىنىڭ ئۇلۇغ رومانتىك شائىرى. ئۇ 1814 - يىلى موسكۋادا تۇغۇلغان، 1830 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن پېتربۇرگتىكى گۋاردىيە ئاتلىق ئەسكەر — ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە كىرگەن، 1834 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ھەربىي قىسىمدا خىزمەت قىلغان. 1837 - يىلى 2 - ئايدا، پۇشكىن دۇئېلدا يارىلىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاتتىق قايغۇ - ئەلەم ۋە غەزەپ ئىچىدە «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن شېئىرنى يېزىپ، پۇشكىننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ روسىيىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چار پادىشاھ نىكولاي I بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، شائىرنى كاۋكازغا سۈرگۈن قىلغان. ئائىلىسىدىكىلەر ۋە شائىر ژۇكوۋسكىينىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1838 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ پېتربۇرگتىكى بۇرۇنقى قىسمىغا قايتىپ بارغان، 1840-يىلى فرانسىيە ئەلچىسىنىڭ ئوغلى بىلەن دۇئېلغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن يەنە قولغا ئېلىنىپ كاۋكازغا سۈرگۈن قىلىنغان. مۇشۇ چاغدا، ئۇ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» ناملىق رومانىنى يازغان.

لېرمونتوف 1841-يىلى دەم ئېلىش ئۈچۈن پېتربۇرگقا قايتىپ كېلىپ، قىسىمدىن چېكىنىپ چىقىپ ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاشنى ئويلىغان، لېكىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 48 سائەت ئىچىدە پېتربۇرگتىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1841 - يىلى 7- ئاينىڭ 27 - كۈنى، پېتربۇرگتىن كەلگەن ئوفىتسېر مارتنوف باشقىلارنىڭ كۈرسەتمىسى بويىچە سۈيىقەست پىلانلاپ، لېرمونتوفنى ئۆزى بىلەن

دۇئىلغا چۈشۈشكە چاقىرغان. شۇنىڭ بىلەن روسىيە شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى بۇ تالانتلىق شائىرمۇ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قىسقىغىنە 27 يىللىق ھاياتىدا بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ، روسىيە ئەدەبىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە «دېۋانە»، «پەرىشتە»، «يەلكەن»، «شائىرنىڭ ئۆلۈمى»، «تەگسىز خىياللار» قاتارلىقلار ھەممىدىن داڭلىق.

## دوستۇمغا

بار مەندە ئەزەلدىن يالقۇنلۇق يۈرەك،
دوستلارنى ئىزدەشكە خۇشتارمەن قەۋەت،
بولساق بىز بەھۇزۇر ئىچىشكە ئەمەك،
ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى بىلمىمەس پەقەت.

قىلمايمەن كاتتا نام ـ شۆھرەتكە ھەۋەس،
مۇھەببەت ـ سۆيگۈدىن ئىللىيدۇ دىلىم؛
چىلتارنىڭ ناۋاسى ياڭرىسا پەۋەس،
دولقۇنلۇق دەريادەك ئۇرغۇيدۇ قېنىم.

شاد كۈلكەم ھەر قېتىم ئۇرغاندا بەرق،
دەرد ـ ھەسرەت قەلبىمنى چۇلغۇيدۇ بىراق،
خوشلۇقتا ئىچىشىپ بولسام مەست غەرق،
جىسمىمنى ئامبۇردەك سىقىدۇ پىراق.



## بىر تۈركىيىلىكنىڭ ھەسرىتى[1]

— چەت ئەللىك دوستلارغا خەت

بار قۇياش ئۆتتەك قىزىتقان بىر پايانسىز جاي ـ ماكان،
ئۇندا ئورمان، چۆپ ئارا بولدى قاراڭغۇ — تۈن خاقان،
قىلدى يار شۇملۇقنى غاپىل، قۇۋ، مۇغەمبەر تۈلكىلەر،
ئەل ـ ئاۋامنى سالىدۇ تەشۋىشكە كۈلپەتلەر ھامان.
ئۇندا گاھى تاغ سۈپەت مەزمۇت، جەسۇر، سالماق — ئېغىر،
پەم ـ پاراسەتلىك ئوغۇل ـ قىزلار يەنە بولغاي ئايان.
ئەيلىنىپ دەردكە قامال — مەھكۇم ئۇلارنىڭ قۇدرىتى،
كۆڭلىدە بولدى ساخاۋەت گۈللىرى ۋەيران — خازان.
ئۇندا نامراتلىق قۇچاق ئاچقان ئاۋامغا باشتىلا،
ئەل كىشەن — زەنجىر، ئاسارەت ئاستىدا ئەيلەر پىغان.
ئۇندا شادلىق كۈتمىگەن ھەسرەت — بالاغا تاشلىغاي. . .
دوستلىرىم، بۇ يەر مېنى تۇغقان ۋەتەندۇر — جانىجان!
ئاھ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى مەقسەتنى بىلسەڭلار ئەگەر،
رەنجىمەڭلار خاھىشىمچە تەنىلىك سۆرسەم زۇۋان.
مەن يايماي ئەينى ھەقىقەت — ھەقنى يالغان سۆز بىلەن:
ھەممىمىز ئادەمغۇ، يوقبىزدە شۇڭا چارە — پىلان! . . .

## دېۋانە

تىلەر ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن سەدىقە
پاك موناستىر ئالدىدا بىر دېۋانە.

[1] شائىر تۈركىيە خەلقىنىڭ بەختسىز تەقدىرىنى يېزىش ئارقىلىق، روسىيە چار پادىشاھىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا دارىتمىلاقان.

قىلغان ئۇنى موھتاجلىقنىڭ ئازابى
شۇنچە زەئىپ، شۇنچە ئورۇق — ۋەيرانە.

چەكسىز ھەسرەت كۆزلىرىدە نامايان،
تىلەر پەقەت بىر بۇردا نان زار بولۇپ.
قوللىرىنى سوزسا ئۈمىد - تەمەدە،
كېتەر بەزى خەقلەر ئاڭا تاش قويۇپ.

مەنمۇ شۇنداق يۇتۇپ ئەلەم، تۆكۈپ ياش،
كەلدىم تىلەپ سەندىن سۆيگۈ - مۇھەببەت؛
مېنىڭ ئوتتەك ھېسسىياتىم - ئىشقىمنى
ئالداشلىرىڭ ئەيلەر ئەسىر تائەبەد.

## جەڭچى قەبرىسى

1

يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن ئۇ بۇرۇن،
ۋىدالىشىپ ئالەم بىلەن جان ئۈزۈپ.
باش ئۈستىدە چوخچىيىپتۇ قەبرىسى،
ئەتراپىدا كەتكەن قويۇق چۆپ ئۆسۈپ.

2

مويسىپىتنىڭ ئاق سانجىلغان چاچلىرى
قوشۇلۇپتۇ سۈس — ئاچ سېرىق تۇپراققا؛
ئۆز ۋاقتىدا ئىچىشكەندە بەھۇزۇر
تەۋرىنەتتى دولىسىدا ھەر ياققا.

3

بۇ چاچ ئىدى تىك قىياغا ئۆرۈلغان



بوزغۇن كەبى شۇنچە ئاپئاق — بىغۇبار،
پانىي ئالەم ئاشۇ سۆزمەن ئېغىزنى
پېچەتلەشكە تۇنجى قېتىم بولدى يار.

4

ئەينى چاغدا، ئۆزى يالغۇز ھۇجۇمغا
ئۆتسە، دۇشمەن ئەپتىدە قان دىدارى
قالمىغاندەك قورقۇپ، ئاشۇ مەرھۇمنىڭ
تاتىرىپتۇ زەئىپلىشىپ چىرايى.

5

تۈيۈلمايدۇ ئاڭا ئېغىر، كۆكرىكى
بېسىلسىمۇ نەم تۇپىدا ھەسسىلەپ.
ھارغىنلىقتا قىلماي پەسەنت قۇرتلار
ئۆتەر ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن ئۆمىلەپ.

6

ئۇنىڭ جەڭگە ئاتىغىنى بارىنى
قۇرۇق شۆھرەت - ئاتاق ئېلىش ئۈچۈنمۇ؟
چۆللەردىكى قۇزغۇنلارنى گۆگۈمدا
قەبرىسىگە يىغىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ؟

7

ئېلىمىزنىڭ كۈيچىلىرى شەنىگە
ياڭرىتىسىمۇ كۈي - قەسىدە رەتمۇ رەت،
ناخشا بىلەن ھايات لېكىن باشقا گەپ،
ئۇ ئۇخلايدۇ يەر ئاستىدا تائەبەد.

## بۇ دۇنيا ۋە جەننەت

ئەزىز جەننەت ۋىسالىدىن بۇ دۇنيا راھەتى بىزگە،
ئەمەس ئايدىڭ شۇ جەننەتنىڭ بەخت - سائادىتى بىزگە؛
بۇ ئالەمنىڭ ھۇزۇرى بولسىمۇ يوق ئالغۇدەك تىلغا،
ئايان ئەمما ئۇنىڭ ئېنىق — ھەقىقىي ھالىتى بىزگە.

تۇرار دىل - قەلبىمىزدە جۇش ئۇرۇپ مەخپىيھەۋەس - ئارمان،
بۇرۇنقى غەم، كۈتۈشنى ياد ئېتىش بىزگە خۇمار ھەرئان؛
ئۈمىد شامى ئۆچۈپ دائىم پاتارمىز بىئاراملىققا،
ئازاب تېز بولسىلا غايىب، ئۇرار شاد كۈلكىمىز خەندان.

كېلەچەك — بىر خىيالىي چۈش، قاراڭغۇ چۆل - باياۋان ھەم،
ئۇنىڭدىن ئەھلى ئىنساننىڭ ھەۋەس - رايى قالار بۇ دەم؛
بېھىش - جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈشكە بىزمۇ بەك تەشنا،
بىراق، بەرمەيدۇ ھېچ ئىمكان، قىلىپ رام بىزنى بۇ ئالەم.

تۇتۇشنى ئىزدىسەكمۇ كۆكتىكى قاقىرنى بىز گاھى،
ھېرىس قولدىكى قۇشقاچنى ئېلىشقا كۆڭلىمىز رايى،
جۇدالىق پەيتىدە ئەمما شۇنى روشەن تونۇپ يەتتۇق:
ئەجەب، قولدىكى قۇشقاچتىن ئۈزۈلمەس رىشتىمىز زادى.

## ئېلىسىم

1

ياۋۇزلۇق — شۇملۇقنى يىغماق، ئىزدىمەك



ئەزەلدىن ئەڭ كاتتا ھەۋەستۇر ئاڭا،
ئويلايدۇ بولۇشنى تەقدىرگە خاقان
ئەيلىسە ئۇ پەرۋاز بولۇتلار ئارا؛
يايرايدۇ شادلىقتىن ئۇرلىسە بوزغۇن،
ئورمانلار چىقارسا شاۋقۇنلۇق سادا؛
ئالەمنى ئىس - تۈتەك زۇلمەت تۈن بېسىپ،
ئايغا ھەم زەئىپلىك ئەيلەنسە ئاتا؛
زورمۇ زور كۈلكىگە تولۇپ چىرايلار،
كۆزلەر ياش، ئۆيغۇنى كۆرمىسە راۋا.

2

ئالەمنىڭ ئەرزىمەس تاپا - تەنىسى
تۈيۈلماس ئەمدى ھېچ يېڭىلىق ئاڭا،
مۇخلىسلار، ھال - ئەھۋال سورىشىشلار ھەم
كۆرۈنەر ھەمىشە كۈلكىلىك راسا؛
چۈشەنمەس ئېچىنىش، سۆيگۈ دېگەننى،
جان باقار يەپ بەكمۇ ئاددى ئاش - غىزا،
قانلاردىن ئۆرلىگەن ھور، جەڭگاھتىكى
ئىسلارنى ھاپ ئېتەر بۇ نەپسى بالا.

3

تۇغۇلسا بىتەلەي بىرى، ئاتىنىڭ
كۆڭلىنى ئۇ شۇئان ئەيلەيدۇ مالال،
شۇ ئەسنا چېھرىدە ئۇنىڭ مەسخىرە
ھەم كەسكىن قىياپەت كۆرسىتەر جامال؛
ئۆلۈمگە يۈزلەنسە بىرى، مازارغا
يول ئالار ئۇ سۈرۈپ تەشۋىشتە خىيال،
چۈشىدۇ سەكراتقا بىمار بىلەن تەڭ،

ۋە لېكىن ئۈنىڭدىن سورىمايدۇ هال.

**4**

مەن هايات بولسام، كەتمەس يېنىمدىن
بۇ مەغرۇر - هاكاۋۇر ئىبلىس هەر زامان،
يورىتار ئىدرىكىم - زېهنىمنى مېنىڭ
ئەيلەپ زور - هەيۋەتلىك يانغىننى ئايان؛
ئاجايىپ ئوبرازنى كۆرسىتىپ ماڭا،
كېتىدۇ ئېلىپ هەم قويماي ئىز - نىشان.
بەرسىمۇ ئۇ ماڭا بەخت تۇيغۇسى،
بەختكە يار قىلماس لېكىن هېچقاچان.

## ئارزۇ

باشنى سىپاپ ئۆچىدىغان يايلاق قاغىسى
ياكى قۇشقاچ بولۇشۇمغا يوقمىدۇ ئامال؟
سانسىز ئازاب، جاپالاردىن قول ئۈزۈپ تامام،
قىلالمايمەن نېچۈن پەرۋاز كۆكتە بىمالال؟

بارسام دەيمەن ئۇچقاندەك تېز كۈن پېتىش[1] تامان،
ئۇ يەردە بار ئەجدادلىرىم تۇرغان كەڭ دالا.
ئۇخلار ئۇلار كۆتۈرۈلۈپ يادىدىن ئەلنىڭ
قاقاس قورغان، قويۇق تۇمان باسقان تاغ ئارا.

[1] كۈن پېتىش — شوتلاندىيىنى كۆرسىتىدۇ. لېرمونتوفنىڭ ئەجدادى (جورجى لېرمونت) شوتلاندىيىلىك ئىدى.



قەدىم تامدا ئېسىقلىق بىر دات باسقان شەمشەر
هەمدە ئاتا - بوۋىمىزنىڭ مىراسى — قالقان.
مەن ئايلىناي قانات قېقىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە،
توزۇپ كەتسۇن ئاڭا قونغان قات - قات چاڭ - توزان.

شوتلاندىيە چىلتارىنىڭ تارىنى چەكسەم،
كۆكتە جەۋلان ئەيلەر ئۇندىن چىققان كۈي - ناۋا؛
بىرى ئۇنى چالسا، بىرى سالىدۇ قۇلاق،
سۈكۈناتقا چۆمەر هەم تار ياڭراپ بىر هازا.

قارشىلاشسا ئەگەر تەقدىر قانۇنى بىلەن،
چىقار يوققا ئارزۇ - ئىستەك، دۇئا - تىلاۋەت.
مېنى ئايرىپ تۇرار يۇرتۇم تاغ - دالاسىدىن
كۆز يەتكۈسىز هالاكەتلىك دېڭىز بۇ سائەت.

مەرد جەڭچىنىڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلادى — پۇشتى
ياشار قارلىق دالىلاردا — يات ئەلدە بۈگۈن؛
مەن تۇرغان بۇ يەرگە قەلبىم ئەمەستۇر مەنسۇپ،
ئاه! بولمىدىم يايلاقتىكى قۇش — قاغا نېچۈن؟

## ئۆمۈر جامى

**1**

كۆزىمىزنى يۇمۇپ بىز مەهكەم،
ئىچسەك ئۆمۈر جامىدا شاراب،

ئالتۇن جامنىڭ گىرۋەكلىرىگە
ياشلىرىمىز چۈشىدۇ تاراپ.
2
يېشىلىدۇ سەكرات پەيتىدە
كۆزنى ئېتىپ تۇرغان بىنت ـ لاتا،
بىزنى مەپتۇن قىلغان جىمى ئىش
غايىب بولۇر تۇماندەك گويا.
3
ئالتۇن جامنىڭ بوش — قۇرۇقلۇقى
شۇندا بىزگە بولۇر نەق ئايان،
لەزىز شاراب قۇيۇلغان جامغا
چۈشمەس بىزنىڭ رىزقىمىز ھامان!

## پەرىشتە

بوشلۇقلاردا ئەيلەپ پەرۋاز تۈنلىرى،
ناخشا ئېيتار ئاستاغىنە پەرىشتە؛
قولاق سالار شۇ مۇقەددەس كۈيلەرگە
يۇلتۇز، ئاي ھەم بۇلۇتلار تەڭ ئەرشتە.

كۈيلەر جەننەت — لالىزاردا شادلىقنىڭ
ھۇزۇرىنى سۈرگەن پاك ھۆر ـ غىلماننى؛
كۈيلەر چەكسىز قۇدرىتىنى تەڭرىنىڭ
قەسىدىگە قاتماي زەررە يالغاننى.



ئۇ، يېگىدىن بىنا بولغان بىر روھنى
ئېلىپ كېلەر بۇ ھەسرەتلىك ئالەمگە؛
سىڭدى ئەرۋاھ قەلبىگە كۈي تېكىستسىز،
ئۇندا ئايان دىل ئىزھارى ئادەمگە.

روھ شۇنچە كۆپ دەرد تارتىسمۇ، كۆڭلىدە
يېلىنجايدۇ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار.
ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز ئەلا بۇ كۈيدىن
جەننەتتىكى سىر خىل ناخشا ـ داستانلار.

## يەلكەن

زۇمرەتتەك دېڭىزدا مانانلار ئارا
چاچماقتا بىر يەلكەن ئاپئاق نۇر ـ زىيا...
ئىزدەيدۇ يىراق يات ئەلدىن نېمىنى
سۆيۈملۈك يۇرتىدىن بولۇپ ئۇ جۇدا؟...

دولقۇنلار ئۆركەشلەپ، ھۇۋلايدۇ بوران،
ماچتىلار ئېگىلىپ غىچىرلار ھامان...
ئاھ، قۇتتىن يالتىيىپ كەتمىدى ئۇ ھەم
قۇت ئىزدەپ ماڭمىدى ئۆزگە ئەل تامان!

ئاستىدا ياپېشىل دولقۇنلۇق ئېقىن،
ئۈستىدە زەر قۇياش، يوق بۇلۇت، يېغىن...
مىسالى بوراندا باردەك ئەمىنلىك،

ئۆلتىجا ئەيلەيدۇ ئاڭا ئۇ لېكىن!

## قومۇش نەي

ئولتۇرىدۇ دەريا بويىدا
بىر بېلىقچى شۇنچىلىك خۇشال،
ئالدىدىكى چەكسىز قومۇشلۇق
تەۋرەنمەكتە ئۇرۇلۇپ شامال.
تۇشۇك ئويۇپ قويىدى ئۇ قاتار
يۇلۇپ قاقشال قومۇشتىن بىر تال،
پۈۋلەپ، بېسىپ تۇشۇكلەرنى ھەم
تۇتۇش قىلدى چالماققا دەرھال.

قومۇش نەيگە جان كىرىپ گويا،
توساتتىنلا چىقاردى زۇۋان،
گاھ سۆزلىسە ئادەملەر كەبى،
گاھ بوراندەك سالىدۇ چۇقان.
دەيدۇ مۇڭلۇق — دەردلىك ئاھاڭدا:
چالما مېنى، قويۇپ قوي چاپسان،
ئەي ئاقكۆڭۈل بېلىقچى، ماڭا
سېلىپ زۇلۇم ئەيلىدىڭ نىجان!

مەن ئەسلىدە ئىدىم قىز بالا،
لاتاپەتتە پەرىزات سىياق،
خازان قىلغان زىبالىقىمنى



ئۆگەي ئانام سولىغان قاماق.
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ناھەق
قانچىلىغان ئاچچىق ياش — پىراق.
ھالاكەتنى چىللاپ، تەڭرىنىڭ
سالمىغانمەن سۆزىگە قۇلاق.

بار ئىدى شۇ ئۆگەي ئانامنىڭ
بىر ئارزۇلۇق ئوغلى — تۇتىيا،
ئالداپ ساھىبجامال قىزلارنى،
ياۋاشلارغا سالاتتى جاپا.
قۇچاق ئاچتى بىر كۈن گۈگۈمدا
ئىككىمىزگە تىك ساھىل — قىيا،
تۆرەۋۇق زۇمرەت دولقۇن، زەرسىمان
مەغرىب تامان قاراپ بىر ھازا.

ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلدى ئۇ
توساتتىنلا يېقىنلاپ كېلىپ،
تەڭلىدى ھەم بىرمۇنچە پۇلنى،
لېكىن ئۇنى قويمىدىم ئېلىپ.
قىلدى شۇ چاغ ئۆمرۈمنى نابۇت
پىچىقىنى كۆكسۈمگە سېلىپ،
جەسىتىمنى ئېگىز قىرغاقتا
كۆمۈپ قويۇپ قالغان ئۇ كېتىپ.

شۇنىڭ بىلەن قەبرەم ئۈستىدىن

چىققان بىر تال چوڭ قومۇش ئۆنۈپ،
ياش ئەرۋاھنىڭ ھەسرىتى ئۆنىڭ
يۈرىكىدە ياتار كۆمۈلۈپ.
ئەي ئاقكۆڭۈل بىلىقچى، نەيىنى
چالما، قويغىن بىر ياققا سۇرۇپ،
ماڭا ياردەم قىلالمايسەن ھەم
يىغلىمايسەن ھەسرەتكەچۆمۈپ.

## مەھبۇس

ئېچىۋەتكىن ئىشىكنى كامېرنىڭ،
چۈشۈپ تۇرسۇن كۈندۈزدىكى نۇر - زىيا،
كەل يېتىلەپ يالى قارا تۇلپارنى،
شەھلا كۆزلۈك قىزنى ئېلىپ بەر ماڭا!
سۇرسۇن تاتلىق سۆيۈشۈمنىڭ پەيزىنى
مېنىڭ ئەشۇ شەھلا كۆزلۈك دىلدارىم،
مىنەي ئاندىن، چاپسۇن يېشىل دالىنى
نىشان ئەيلەپ قويۇندەك تېز تۇلپارىم.

بىراق شۇنچە ئېگىز كامېر تۈڭلۈكى،
ئىشىككە ھەم سېلىنغان بىر چوڭ قۇلۇپ،
شەھلا كۆزلۈك دىلبەر مەندىن يىراقتا
تۇرار كۆركەم ھۇجرىسىغا بەنت بولۇپ؛
تۇلپار يېشىل دالىلاردا يۈگەنسىز
ئويىنار چېپىپ خالىغانچە شاد - خۇشال،



ئىغاڭلىتار قۇيرۇقىنى راھەتتە
شوخلۇق بىلەن تاقلاپ ھەريان بىمالال.

تاقىر، ئېگىز تام ئىچىدە تەنھامەن،
بىئاراملىق يۈرىكىمگە پاتىدۇ،
ئىكونا[1]نىڭ ئالدىدىكى مۇقەددەس
چىراغ غۇۋا نۇرلىرىنى چاچىدۇ؛
مەن ياتىمەن ئاڭلاپ، كامېر تېشىدا
تەكشى - رەتلىك قەدەم تاشلاپ گۈندىپاي
زىنھار زۇۋان سۇرمەي يېرىم كېچىدە
مېڭىپ يۈرەر ئۇيان - بۇيان توختىماي.

## ئىلتىجا

بۇۋى مەريەم ئانا، بۈگۈن ئەيلەي ئىلتىجا
قاراپ نۇرلار يېغىپ تۇرغان ئۇلۇغ چېھرىڭگە،
تىلىمەيمەن سەندىن پاناھ، ئامان - ئېسەنلىك،
تەشەككۈرمۇ بىلدۈرمەيمەن ھىممەت — مېھرىڭگە.

ئىزدىمەيمەن سەندىن قۇرۇق روھىمغا مەدەت،
سەرسانلىقتا لەختە بولغان قەلبىمگە داۋا،
قىلساڭ دەيمەن پاك بىر قىزغا بۇ ئالەمدىكى
مېھرى ئاتەش قوغدىغۇچى — ئوغلاننى ئاتا.

---

[1] ئىكونا — خرىستىئان دىنىدا خۇدا ياكى ئەۋلىيالارنىڭ رەسىمى.

قوت ـ تەلەيگە ھەقدار ئۇنىڭ غۇبارسىز دىلى،
غەمخورلارنى ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ ئەت ئاڭا،
كۆڭلى گويا چەكسىز ئۈمىد ـ ئىستەك دۇنياسى،
ھاياتىدا ئۇنى قىلچە تارتقۇزما جاپا.

جىمجىت كېچە يا شاۋقۇنلۇق سەھەر پەيتىدە
ھايات — رىزقى قالسا ئەگەر چېكىگە يېتىپ،
ئەۋەتىپ بىر ئەلگ مۇقەددەس، پاك پەرىشتىنى
كەت يېنىڭغا ئۇنىڭ يارقىن روھىنى ئېلىپ.

## ئەگىسىز خىياللار[1]

ئاشلىدىم ھەسرەت بىلەن ھازىرقى ئەۋلادقا نەزەر!
بولسىمۇ ئىقبال غۇۋۋا كەلگەي ھامان ئۇندىن ئەسەر،
دىلدا لىق ئارمان ـ ھەۋەس، ئەمما نادانلىق لەشكىرى
چەيلىمەكتە بۇ ھاياتنىڭ غۇنچىسىنى شۇ قەدەر.
بىز تەرك ئەيلەپ بۆشۈكنى ئۆرە — تىك تۇرغان ھامان،
بولدى ئەجدادنىڭ كېچىككەن ئەقلى، نۇقسانى ئايان،
زېرىكىشلىكتۇر ھاياتلىق يات قەۋمنىڭ تويىدەك،
بىپايان تۈز يولدا شۇنچە ئالدىراپ ماڭغانىسمان.
قىلمىدۇق پەرۋا يامان، ئوبدانغا، بۇ بەكمۇ ئۇيات،
جىملا تۇردۇق بىز ھايات سەھنىسىدىن چۆشسەكمۇ پات،

---

[1] بۇ شېئىر شائىرنىڭ دەۋرداشلىرىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولۇپ، بىلىنىشكى بۇنى «لىبرمونتوفنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك شېئىرى» دەپ ئاتىغان.



بىزدە يوق تەھدىت — خەتەرنى يەڭگۈدەك ۋىجدان — يۈرەك،
كۈچ — ھوقۇقنىڭ ئالدىدا بولدۇق نومۇسسىز مەخلۇقات.
تېز پىشىپلا قورۇلۇپ قالغان ياۋا مېۋەسىياق،
قوزغىتالماسمىز ئاۋامنىڭ كۆڭلىدە زوق ـ ئىشتىياق،
قالىمىز ئوخشاپ غېرىب ـ مىسكىن گىياھقا باغ ئارا،
ئايلىنارمىز خەسكە، گۈللەر چاچقىنىدا خۇشپۇراق!

ئەيلىدۇق ئىسراپ ئەقىلنى ئەرزىمەس ھېكمەت ئۈچۈن،
زەن سېلىپ تۇردۇق ھەسەت بىرلە يېقىن دوستقا بۈگۈن،
بىزگە يات، دىللاردىكى ئارماننى ھەم زاڭلىق، گۇمان
چىرمىغان يۈكسەك مۇھەببەت ـ سۆيگۈنى ئېيتماق پۈتۈن.
لەۋگە تەگكۈزدۇق تېخى ھازىر بەھىرنىڭ جامىنى،
ساقلىيالماسمىز لېكىن ياشلىق كۈچى — ئىلھامىنى؛
سالسىمۇ دىشۋار بىزارلىق، يەتسە شادلىق، گۈپپىدە
ئىچىمىز شۇ جامدىكى سەر خىل شارابنىڭ بارىنى.

نەزمە ھەم سەنئەت ئۆتالماس كۆڭلىمىزنى ھېچقاچان،
قىلسىمۇ مەستىنىڭ ھاياجان — پەيلىنى دەستەك ھامان،
جان تىكىپ، دىللاردا قالغان سۆيگۈ — پىخسىق ھېسسىيات
چىڭ يوشۇرغان ئەرزىمەس بايلىقنى — ساقلايمىز ئامان.
گاھىدا سۆيسەك ئۇنى ھەم گاھىدا بولدۇق بىزار،
قىلمىدۇق نەپرەت، مۇھەببەت يولىدا جاننى نىسار،
ھەر قېتىم يانسا تومۇرلار ئىچرە زور يالقۇن ـ لاۋا،
بىر سوغۇق ـ مۇزدەك ھاۋا ئەيلەر قەلبلەردە شىكار.
بوۋىلارنىڭ شادلىقىدىن سەسكىنىپ كەتتۇق ئەجەب،

ساددا، چىن شاللاقلىقى قوزغايدۇ بىزدە ئۆچ — غەزەپ،
جىلۋە ئەيلەپ يۈزدە زاڭلىق، ئارقىغا تويماي قاراپ،
گۆر تامان چاپتۇق چىراي ئاچماي تۇرۇپ تەلەي، شەرەپ.

دەرد ـ ئازاب چەكتۇق تالاي، باشقا كېلىپ سانسىز خەتەر،
باقىي دۇنياغا قىلارمىز ئىز ـ دېرەكسىزلا سەپەر،
قالمىغاي ئەۋلادقا بىزدىن پايدىلىق ھېكمەت — قاراش
يا تالانت ئەھلى يېزىپ چىققان بىرەر ئۆلمەس ئەسەر.
كەلگۈسى ئەۋلادىمىز ئادىل ئاۋام، سوتچى سىياق
ياغدۇرار بىزگە ھاقارەت توقۇشۇپ نەزمە ـ قوشاق،
ئەسلى ـ ۋەسلى سورۇلۇپ كەتكەن ئاتا — ئەجدادىنى
ئالدىنىپ كەتكەن ئوغۇلدەك ئەيلىگەي ئاچچىق مازاق.

## قىز قوشنام

قالمىدى ھۆرلۈكنىڭ ۋەسلىدىن ئۈمىد،
ئۆتەر كۈن تۈرمىدە يىل كەبى ئۇزاق.
يەتمەيدۇ تۈڭلۈككە بويۇم، گۈندىپاي
ئىشىكنىڭ يېنىدىن كەتمەيدۇ يىراق.

بولمىسا بۇ گۈزەل — سۆيۈملۈك قوشنام،
زىنداندا ئۆلسەممۇ چەكمەيتتىم ھەسرەت! . . .
تاڭ ئېتىپ، ئويغانغان چاغدا بىز بۈگۈن،
لىڭشىتىپ باش ئاڭا بىلدۈردۈم ھۆرمەت.



مەھكۇملۇق، بىر ئورتاق قىسمەت ۋەجىدىن
ئۆزئارا تونۇشۇپ قالدۇق ئىككىمىز،
ئۆركەشلەپ دىللاردا ئوخشاش ئىستەكلەر،
زەنجىردەك باغلاندى كۆڭۈل رىشتىمىز.

سۈبھىدەم تۈڭلۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ،
كۆز ئۈزمەي ئۇدۇلغا قارايمەن ھامان. . .
ئۇشتۇمتۇت «شار» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ
دېرىزە پەردىسى قايرىلدى شۇئان.

شۇ ئەركە قىز ماڭا سالدى بىر نەزەر،
تىرەپ ئۆز بېشىنى نازۇك قولىدا،
سوقىغاندەك گوياكى سەلكىن شوخ شامال،
رومىلى بېشىدىن چۈشتى دولىغا.

زەئىپلىك نامايان يۈمران كۆكسىدە،
ئولتۇرار ئۈھسىنىپ — ئەلەملىك دادلاپ،
شۈبھىسىز، شۇ تاپتا تۇرار ئۇ مەندەك
كۆڭلىدە ئەركىنلىك ـ ھۆرلۈكنى يادلاپ.

بولدى بەس، قايغۇرما سۆيۈملۈك قىزچاق،
مەھكۇملۇق يوقىلار بولساقلا ھايات،
بىز چوقۇم خىسلەتلىك قۇشلاردەك گويا
كۆزلەپ كەڭ دالىنى قاقارمىز قانات.

ئاچقۇچنى ئوغرىلاپ ئالساڭ داداڭدىن،
تاماققا كېتىشسە گۈندىپايلار ھەم،
ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەبلەخنى
تېپىپ بىر چارىنى بابلايمەن شۇ دەم.

بىراق، سەن داداڭنى قىلغىن غەرق مەست،
قاراڭغۇ تۈنلەردە پەيتىنى تېپىپ،
ئۇخۇشلۇق پۈتكەندە ئىش، رومىلىڭنى
دېرىزە ئالدىغا قويارسەن ئېسىپ.





## بودلېر (فرانسىيە)

چارلىز بودلېر (1821 — 1867) فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، مودېرنىزم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ يولباشچىسى. ئۇ 1821 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پارىژدا تۇغۇلغان، ئالتە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى فرانسىيىنىڭ ئىسپانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە ياتلىق بولغان. بودلېرنىڭ ئۆگەي دادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزىدە كىچىكىدىن باشلاپلا دەردمەن، مىسكىن خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، ئىنتىزامسىز بولغاچقا مەكتەپتىن ھەيدەلگەن. 1841 - يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ، گېزىت — ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان.

1848 - يىلى پارىژ ئىشچىلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، بودلېر ئىستىھكام ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئەمما ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسى ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇ بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن. 1857 -يىلى 6 - ئايدا، يۈز پارچە شېئىردىن تەركىب تاپقان «رەزىللىك گۈلى» ناملىق توپلىمىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللار ماقالە ئېلان قىلىپ، بودلېرنى ئۇرۇپ - ئادەتنى بۇزۇپ، دىنغا ھاقارەتلىك قىلدى، دەپ ئەيىبلىگەن ھەم سوت بودلېرغا 300 فرانك جەرىمانە قويۇپ، توپلامدىكى ئالتە پارچە شېئىرنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرىغان. تۆت يىلدىن كېيىن ئاپتور بۇنى قايتا رەتلەپ ۋە تەھرىرلەپ ئېلان قىلىپ ناھايىتى زور ئۇتۇق قازانغان. 1866 - يىلى، سەكتە كېسەللىكى سەۋەبىدىن سۆزلىيەلمەس ھەم

يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىپ، ئىككىنچى يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پارىژدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بودلېرنىڭ نەزەرىيىلىرى ۋە ئىجادىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى سىمۋولىستىك شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ يولباشچىسى دەپ قارىغان. كېيىنكى چاغلاردا غەرب ئەللىرىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن مودېرنىستىك شائىرلار ئۇنىڭغا چوقۇنغان. ئۇ «رەزىللىك گۈلى» دىن باشقا، يەنە «ئېستېتىكىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش»، «رومانتىزم سەنئىتى» دېگەن نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر ۋە «سۈنئىي جەننەت»، «پارىژنىڭ ھەسرىتى» دېگەن نەسرلەر توپلاملىرىنى يازغان.

## پەرۋاز

ئەيلەپ پەرۋاز جىمجىت جىلغا، كۆللەر ئۈستىدە،
ئۆتتى تىك تاغ، دېڭىز - ئوكيان، بۇلۇت، ئورماندىن،
كەتتى ھالقىپ كۈندىن، يىراق ئۇپۇقتىن ھەتتا
سانسىز يۇلتۇز پارلاپ تۇرغان چەكسىز ئاسماندىن.

كۆك قەرىدە چەبدەس، يېنىك ئۇچىسەن، روھىم،
دولقۇن يارار ماھىرلارنى ئەيلەپ گويا لال،
باتۇرلارنىڭ شادلىقىغا بولدۇڭ ھەمراھ - يار،
پايانى يوق چوڭقۇرلۇقتا ئويناپ بىمالال.

كەت پاسكىنا، مىكروبلانغان ھاۋادىن يىراق،
بوشلۇقتىكى شامال قىلسۇن سېنى يۇيۇپ ساپ،
سۈزۈك - زۇمرەت ئاسماندىكى نۇرلۇق يالقۇننى



يۇت ئىچكەندەك زەمزەم كەبى ئېسىل مەي - شاراب.

تولدى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ھەسرەتكە پەۋەس
قويۇق تۇتەك - تۇمانلارغا ئورالغان جاھان.
پەقەت ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قاقىلاندا قانات،
بەخت نۇرلۇق كۆك قەرىگە چىقىدۇ ھامان.

تاڭ سەھەردە بەختىنىڭ ئوي - خىيالى كۆكتە
بوز تورغايدەك ئويىنار ئەركىن سېزىپ ئۆزىنى،
ئاڭلار تۇرۇپ بۇ كىشىلىك ئالەم ئۈستىدە
سۆكۈناتلىق مەۋجۇدات ھەم گۈللەر سۆزىنى.

## رەقىب

(سونېت)

گۈل ياشلىقىم زۇلمەتتىكى زور بوران - چاپقۇن،
قىيا چۈشەر پارلاق قۇياش نۇرلىرى ھەريان؛
گۈلدۇرماما، يامغۇر ئۇنى ئەيلىگەچ ۋەيران،
شاخلىرىمدىن ئاجراپ چۈشتى مېۋىلەر نۇرغۇن،
روھىي تۇرمۇش كۈزى ماڭا ئاچتى كەڭ قويۇن،
ئالماق كېرەك قولغا ئەمدى كەتمەن ۋە ساپان،
بۇندا گۆردەك ئازگال ھاسىل ئەيلەپتۇ قىيان،
تۇزلەي ئاشۇ ئازگاللارنى نېرى تۇر، ئويۇن.
ساھىل كەبى يۇيۇلغان شۇ يەر - تۇپراق ئارا
مەن ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن گۈل ۋە غۇنچىلار
تاپالارمۇ ھايات ئۈچۈن سىرلىق ئاش - غىزا؟

يېدى ۋاقىت ئۆمۈرنى، ئاھ ئازاب، بولدۇق خار،
يوشۇرۇنغان رەقىب دىلنى غاجايدۇ راسا،
بىز ئايرىلغان قان بىلەن ئۇ تاپماقتا مادار.

## گۈزەللىك قەسىدىسى

گۈزەللىك، يەردە ئۈندۈڭمۇ ۋەيا چۈشتۈڭمۇ ئاسماندىن؟
دوزاختەك شۇ مۇقەددەس كۆزلىرىڭنىڭ نۇرى ئەپشاندىن
شاپائەت ھەم جىنايەت ئۆزئارا مەھكەم قۇچاقلاشتى،
شۇڭا ئەسلا قىلىشمايسەن لەزىز مەي — ياخشى جاناندىن.

سىنىڭ نۇرلۇق كۆزۈڭ ئىچرە سەھەر، گۈگۈم جۇلا ئەيلەر،
ئۆزۈڭدە تۈندىكى يامغۇر كەبى خۇش ھىد ساما ئەيلەر؛
لېۋىڭ — مەست قىلغۇچى دورا، ئۇنىڭ قاپ - قۇتىسى ئاغزىڭ،
ئۇ، باتۇر - مەردكە روھسىزلىق، زەئىپكە كۈچ ئاتا ئەيلەر.

قاراڭغۇ گۆردە يا يۇلتۇز ئارا بولغانمىدىڭ پەيدا؟
ساڭا تەقدىر روباشكاڭغا تىكىلگەن ئىت كەبى شەيدا؛
چاچارسەن شاد - خۇراملىق ھەم پالاكەتتىن ئۇرۇق دائىم،
بىراق مەسئۇلىيەت ھېچۋاق ساڭا ئارتىلمىغان ئەسلا.

جەسەتلەر ئۈستىدە ماڭدىڭ ئۇنى زاڭلىق ئېتىپ دەھشەت،
تىررورلۇق ئۆز - لېۋەن بولدى ئاڭا بەرگەچكە سەن زىننەت.
قىلىپ پەرداز ئېسىل - كۆركەم بىزەكنى بۇندا قاتىللىق،
تەكەببۇر قورسىقىڭ ئۆزرە ئۇسسۇل ئوينار ئەجەب ھەيۋەت.



چىراغىڭغا قاراپ بىرلەيلىگەك تېزدىن ئۇچۇپ كەتتى،
ۋۇجۇدى كۆيسىمۇ دەر ئۇ: «لاۋا - يالقۇن ۋاپا ئەتتى!»
يىقىلدى ھالسىراپ ساھىبجامالنىڭ ئۈستىگە ئاشىق،
گويا سەكراتتىكى ئادەم گۆرىنىڭ قەدرىگە يەتتى.

گۈزەللىك، سەن سەممىمي ھەم رەھىمسىز جادۇگەر - شەيتان،
قەيەردىن كەلگىنىڭ زىنھار ھېسابلانماس ئەيىب - نۇقسان.
ئېچىپ بەرگەي كۆزۈڭ، كۈلكەڭ، پۈتۈڭ مەن بىقارار بولغان،
لېكىن ھېچ كۆرمىگەن چەكسىز ئىشىكلەرنى تېپىپ ئىمكان!

خۇدا ياكى خۇدانىڭ ئەلچىسى، پەرىشتە، شەيتان بول،
رىتىم، ئەنبەر، زىبا - نۇر يا ئايال شاھ — كاتتا سۇلتان بول،
ئەمەستۇر بۇ مۇھىم، ئەمما ۋاقىت ئارتقان ئېغىر يۈكنى
يېنىكلەت ھەم رەزىللىكنى ئازايتقان جەڭچى - مەردان بول.

## قۇياش

قەدىم شەھەر ئەتراپىغا كەلگەندە قۇياش،
كونا كۆزنەك رەزىللىكنى توسار يېپىلىپ،
ئۇنىڭ تال - تال ئوقى — نۇرى بۇغدايلىق — ئېتىز،
شەھەر، سەھرا، ئۆگزىلەرگە تۆرار چېچىلىپ.

مەشىق قىلىپ ئۆزگىچە بىر گۈمپا - ماھارەت،
ئاختۇرىمەن ھەر تەرەپتىن قاپىيە، تۇراق،
تېڭىرقىسام گاھى مىسرا، بوغۇم، سۆز ئارا،
گاھى ئۇچرار خىيالىمدەك كۆپ شېئىر - قوشاق.

ئۇ — سەبىيلەر پاسىبانى ئېتىزدا گۈلنى
ئويغاتقاندەك مىسرالارنى ئويغىتار ھامان؛
بال ساندۇقى ھەم كاللىنى تولدۇرار بالغا،
يەكسان قىلار غەمنى سۈرۈپ بوشلۇقلار تامان.

ھاسا تۇتقان مومايلارنى ياشارتىپ گويا،
كۆرسىتىدۇ قىزدەك خۇشال، مۇلايىم، ئوماق،
ئۇ، سۇلماس دىل گۈلزارىدا ساقلىنار ئەبەد،
زىرائەتلەر پەرمانىغا سېلىشار قۇلاق!

كەلگەندە ئۇ شائىر كەبى شەھەرگە يېتىپ،
نامراتلارنى ئىگە قىلدى ئېسىل تەقدىرگە،
پادىشاھتەك ئاستاغىنە چاكار - مالايسىز
كىردى بارچە شىپاخانا، ئوردا - قەسىرگە.





# نېكراسوف (روسىيە)

نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ نېكراسوف (1821 — 1877) روسىيىنىڭ ئاتاقلىق دېموكراتىزمچى شائىرى. ئۇ 1821- يىلى 11- ئايدا، ئۇكرائىنانىڭ پودولسكى ئوبلاستىنىڭ نېمىلوف بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئوفىتسېر بولۇپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن ياروسلاۋل ئوبلاستىدىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ زېمىنى بولغان گرېشنېۋو كەنتىگە كۆچۈپ كەتكەن، شائىر بالىلىق دەۋرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ، دادىسىنىڭ ئۆزىنى پېتربۇرگتىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئارزۇيىغا خىلاپلىق قىلىپ، پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىۋالغاچقا، دادىسى غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان بارلىق ئىقتىسادنى ئۈزۈپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن 17 ياشلىق نېكراسوف ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئۆتكەن.

نېكراسوف 1840 - يىلى «خىيال ۋە ئاۋاز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغان. 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بېلىنسكىي بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ۋە «ھەقىقىي شائىر»لىق يولىغا ماڭغان. ئۇ بۇ چاغلاردا «سەپەردە»، «ئەللەي ناخشىسى»، «يۇرتۇم» قاتارلىق داڭلىق شېئىرلارنى يازغان. 1847 - يىلدىن باشلاپ پانايېف بىلەن بىرلىشىپ، «ھازىرقى زامان كىشىلىرى» دېگەن ژۇرنالنى چىقارغان. 50 - يىللاردا چېرنىشېۋسكىي ۋە دوبروليۇبوفلارنى ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۇچى دېموكراتىك غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سەپداشلاردىن بولۇپ قالغان. 1866 - يىلدىكى تۇنجى قېتىملىق ئالېكساندىر II گە سۇيىقەست قىلىش

ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ ژۇرنال پېچەتلەنگەن. 1868 - يىلى ئۇ يەنە شېدرىن ، يېلىسېيېفلار بىلەن بىللە « ۋەتەن خاتىرىلىرى » دېگەن ژۇرنالنى چىقىرىپ، 70 - يىللاردىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ لاگېرىغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «زىمىستان، قىزارغان بۇرۇن»، «روسىيەدە كىم كۆرەلەر ياخشى كۈن»، «بۇغدىيى ئورۇلمىغان ئېتىز» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرى بار.

## بۇغدىيى ئورۇلمىغان ئېتىز

باستى كەچكۈز يەر يۈزىنى، ئەيلىمەس قۇشلارناۋا،
دەلدەرەخ تاشلاپ غازاڭ، ئايرىلدى ئۆز توندىن دالا.

قاپتۇ بۇندا تېخى ئورغاق تەگمىگەن بىر پارچە يەر. . .
قوزغىتار بۇ هال خالايىق قەلبىدە ھەسرەت - نىدا.

دەر باشاقلار ئۆز ئارا پەس ئۇندە سۆھبەت قۇرۇشۇپ:
«كۈزدىكى يامغۇر بوران قىلدى ئەجەب بىزنى خاپا،

تىك تۇرايلى باش - بويۇن ئەگمەي ئۆلارغا، ئوخشىغان
دان - ئورۇقنى قىلمىسۇن ھۆل، چىرىمىشىپ تۇپراق - توپا!

توپلىشىپ ئۇچقان ئەشۇ نەپسى يامان ئاچ قاغىلار
بىزگە ھەر تۈن - كەچتە تارتۇق ئەيلىشەر ئاپەت — قازا.

چەيلىمەكتە ياۋا توشقان ھەم سوقار يامغۇر، بوران. . .



نېمىنى كۈتمەكتە سەن؟ كەلسەڭچۇ تېز، دېھقان ئاتا!

تۆتمىدۇقمۇ ئۆزگە بۇغدايلار كەبى داننى تولۇق؟
يوقمۇ بىزدە ئەلنى مەپتۇن قىلغۇدەك قامەت ۋە يا؟

ياق ! ئۆسۈپ شۇنداق بەلەن يەتتۇق كارامەت ۋايىغا،
دان ئېلىپ دۇردانىدەك بالدۇر - بۇرۇن پىشتۇق راسا.

جۇت - بورانغا يەم قىلىشمۇ بىزنى دېھقاننىڭ ئويى،
يىلبويى چىقماي ئېتىزدىن تەر تۆكۈپ تارتىپ جاپا؟ . . .»

كەلدى شۇ سائەت بوراندىن قايغۇ - ھەسرەتلىك جاۋاب:
«دېھقىنىڭلار بولدى نەۋاق كۈچ - مادارىدىن جۇدا.

ئۇ، ئېتىزدا ئىشلىشىنىڭ ۋەجىنى بىلگەن، بىراق
بولسىمۇ ئورماق سىلەرنى، باقمىغان ماغدۇر ئاڭا.

گېلىدىن ئۆتمەيدۇ سۇ ھەم ئاش - ئوزۇق بىچارىنىڭ،
ئەيلىدى قاتتىق كېسەللىك باغرىنى لەختە - يارا؛

بىر ئۆمۈر كەتمەن، ساپان تۇتقان چىدامىلىق قوللىرى
قالدى ئوخشاپ چۆلدىكى قاقشال دەرەخ - شاخقا گويا.

بوغۇلۇپ ئاۋازى، ئۆچتى كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى،
ناخشىغا ماھىر ئېغىزدىن ئەمدى چىقماس ھېچ سادا؛

ياڭرىتىپ ئەمگەك كۈيىنى ئىنتىزارلىمەيدۇ ساپان
ھەم ماڭالمايدۇ خىيال سۈرگەچ ئېتىز - قىرلار ئارا.»

## يېڭى يىل

كىشىلەرنىڭ ساددا دىل، ھۇش — كاللىسى
(مەيلى بولسۇن ئۇ ئەقىلسىز يا چېچەن)
يېڭى يىل ئاچسا قۇچاق، تولغاي پەۋەس
يېڭى ئوي - خاھىش، يېڭى ئىستەك بىلەن.
كىمكى ئۇخلاپ ياتسا گۆردە - قەبرىدە،
بىخ سۈرەلمەس ئارزۇ - ئارمان قەلبىدە!

كۆتۈرۈپ جام، ئۇزىغان بىر يىلنى ئەل
كۈي - مۇزىكا ئەۋجىدە ئالغان كۈتۈپ،
قاپلىغان ئالەمنى شادلىق كۈلكىسى،
كەتتىمۇ بۇ ئىشقا كۆپ دەۋران ئۆتۈپ؟
قايسى جىددىي، پەرىشان - دەردلىك چېھىر
ئارزۇ - ئارمان نۇرىغا بولغان ئەسىر؟

كۆپ قېتىم بولغان ئايان ئۆتكەن يىلى،
كەمبەغەللىك، قەبرە، نەپرەتلەر بىراق،
ھەر كۈنى يىللار تالاي ئىزگۇ - گۈزەل
غايە - ئىستەك يولىغا قويدى تۇزاق.
كەلمىدى ئۆتكەن شۇ بىر يىلدىن ۋاپا،
قىلمىدى ھېچكىمگە نەپ - پايدا ئاتا!

يەنە شۇنداق جام، ناۋالار ئەۋجىدە



يېڭى يىل ئۆز تەرتىپى بىرلە بۇدەم،
كەلدى دۇنياغا مىسالى بەك سوغۇق
ھەم قوپال مېھمان كەبى تاشلاپ قەدەم،
ئۇندى ئارزۇ قايتا دىلدا بىخ ئۇرۇپ،
قالسىمۇ ئۆتتەك قىزىق قانلار سوۋۇپ.

مەرھابا... شادلىقتا جامنى كۆتۈرۈپ،
ئاللى قارشى ئەزىز مېھماننى بىز،
كۈل بولۇپ، كەتسۇن توزۇپ ھەسرەت - ئازاب،
قالمىسۇن نەپرەت - قىساستىن قىلچە ئىز.
كۈلكىگە چۆمسۇن تۇمەن جان، ھەممە ياق،
دىل ئارا گۈللەر تاراتسۇن خۇشپۇراق!

بىزنى باسماقتا دەۋرنىڭ زور قولى،
چۈشتى ئەمگەكنىڭ زۇلۇم - جەبرى ماڭا،
ياخشى پەيت قادىر جىممىگە، جان زەئىپ،
بۇ ھايات — بىر دەمدە ئۆچكەن شاد ناۋا.
ئۇنى تۇرمۇشتىن يۇلۇپ ئالساق ئەگەر،
قول سالالماس ئاڭا كاج تەقدىر — خەتەر!

بېھىساب ئارمان، خۇشاللىق چاقنىسۇن
قىز - ئوغۇللار قەلبىدە گۈلخان ياساپ.
كۆڭلىمىزگە كەتتى ئورناپ ئىزگۇ ئوي،
ئاھ، ئۇنى ئەيلەرمۇ ئاي - يىللار خاراپ؟
بولمىغاي ھېچ ئىش، يېڭى يىلدا يۈرەك
ئاپىرىدە ئەيلىسە ئارزۇ - تىلەك!.

# يېتس (ئىرېلاندىيە)

ۋىليام يېتس (1865 — 1939) ئىرېلاندىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى. ئۇ 1865 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۇبلىندا رەسسام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا بىر قىسىم شائىرلار بىلەن بىرلىشىپ، «شائىرلار كۇلۇبى» نى تەشكىللىگەن، نام چىقارغاندىن كېيىن ئىرېلاندىيە پارلامېنتى ۋە مائارىپ تارماقلىرىدا ئىشلىگەن، ئىرېلاندىيىدىكى مىللىي ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنى قىزغىن قوللىغان.

يېتس 1889 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «سەيياھ ئويسىن ۋە باشقا شېئىرلار» نى ئېلان قىلغان. كۆپ قېتىملىق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە رومانتىزمدىن رېئالىزمغا يۈزلەنگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈشىنىش قىيىن بولغان گۇڭگا شېئىرلاردىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولغان. 1897 - يىلى «سىرلىق ئەتىرگۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئۇ، شېئىرلىرىدا مول سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاددىي، تاللانغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، سەنئەتنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. 1923 - يىلى، «ئىلھامنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شېئىرلىرىدا يۈكسەك سەنئەت شەكلى ئارقىلىق، مىللىي روھنى ئىپادىلەپ بەرگەن»لىكى ئۈچۈن، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن «ۋىزانتىيىگە يۈرۈش قىلىش» ، «ۋىزانتىيە» ، «لېدا بىلەن ئاققۇ» قاتارلىقلار بار.



## ۋىزانتىيىگە يۈرۈش قىلىش

1

ئۇ ئەمەس ئاقىۋاش - ياشانغان كىشىلەرگە خاس ماكان،
ئۇندا ياشلار بىر بىرىگە ئىشقىنى ئەيلەر ئايان.
شاخ ئارا قۇشلار — ھالاكەتلىك دەۋر قىلسا ناۋا،
لەرزىگە كەلگەي ئاجايىپ بۇ پايانسىز يەر - جاھان.
شارقىراتما ئاستىدا ئوينايدۇ سالمون بېلىقى
ھەمدە ماكرېل بېلىقى ئۈزگەي دېڭىزدا ھەر قاچان.
ئۇندا ئۆسكەن، ياشىغان، ئۆلگەن جىمى جانلارنى ھەم
ياز بويى كۈيلەر بېلىقخور قۇش — ئۇچار قانات ھامان.
ئەشۇ جانلار خىلمۇ خىل كۈيلەرگە شەيدا بولۇشۇپ،
سەل قارار ئۆلمەس، بۈيۈك ئەقلىي ئەسەرگە بىگۇمان.

2

بىر قېرى چىن قەلبىدىن قايناپ غۇرۇر ئىچرە تازا،
كونا كۆڭلەك - شىم ئۈچۈن ياڭراتمىسا ھەمدۇ سانا؛
بولسىمۇ ئۇ سەلتەنەتلىك ئوردا - ئايۋانغا ئىگە،
ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئوت - خەسكىلا تەڭدۇر گويا،
ياكى خەق قاقشال دەرەخنىڭ شېخىغا قويغان ئىلىپ،
بىقەدىر، سانسىز ياماق چۈشكەن سېسىق جەندە - كۆلا.
بارچە كەسپىي كۈي - مۇزىكا مەكتىپى شانلىق، بۈيۈك
تۆھپە، شانىنى ھامان قىلغاي كۆرەك ئالەم ئارا.
شۇڭا كەلدىم بۇ بۈيۈك ۋىزانتىيە قەلئەسىگە،
بىپايان ئوكيان - دېڭىزلاردىن بۈگۈن ھالقىپ مانا.

3

تەڭرى ياققان ئوت ئارا تۇردۇڭ، ۋەلى، مەغرۇر ھامان،

مىسلى تامدا زەر كەبى تۇرغان نەقىشلىك خىشىمان.
ئۇل مۇقەددەس ئوت - لاۋانىڭ باغرىنى ئېيلەپ تەرك،
چاقپەلەكتەك شۇ جىسىمغا قىيتىلىپ ئايان شۇ ئان.
بەرمىپىنىڭ روھىمغا سەن ناخشا - غەزەلدىن دەرس - ساۋاق،
ئەيلە ھەم بۇ دىلنى ۋەيران بوپ مۇئەللىم، مېھرىبان.
باغلىنىپ سەكراتتىكى ھايۋانغا دىل، بولدى ئەسىر
شەھۋانىي ھېسقا، مىجەز - ئۆز خۇلقىنى بىلمەي بۇ ئان.
ئەي ۋەلى، ئاپار مېنى سەن تائەبەد ئۆچمەيدىغان
شۇ نەپىس سەنئەت بىنا قىلغان ئېسىل جەۋھەر تامان.

4

مەن تۇيۇقسىز تەبىئەتنىڭ قوينىدىن كەتتىم يىراق،
ئۇندىكى ھېچبىر شەكىلگە ئەيلىمەيمەن ئىشتىياق.
قەدىمىي يۇناندىكى زەرگەر قۇيۇپ زەر ھەل بېرىپ
ياكى ئالتۇندا سوقۇپ چىققان مۇبارەك تەن — سىياق
بولسا مەندە، ئۇيقۇدا ياتقان خاقاننىڭ جىلۋىدار
نۇر بىلەن ئاچسام كۆزىنى، دەپ خىيال قىلدىم بىراق.
كەلگۈسى، ئۆتمۈش، بۈگۈنگە ياڭرىتىپ چىن مەدھىيە،
ئولتۇرۇپ زەر شاختا ئېيتاي ياكى ئوتلۇق كۈي - قوشاق.
بۇ بۈيۈك ۋىزانتىيە قەلئەسىدە تۇرغان جىمى
باي غوجام، خانىم - خېنىملار ئاڭا بىر سالسۇن قۇلاق.

## ئىرېلاندىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىسى

بىلىمەن، بىر كۈن بۇلۇتلار ئۈستىدە — ئاسمان ئارا،
بىباھا ياشلىق ھاياتىمغا مېنىڭ يەتكەي قازا.
ئوت ئېچىپ قىرغانلىرىم دۈشمەن ئەمەستۇر مەن ئۈچۈن،



قوغدىغان ئادەملىرىمگە يوق مۇھەببەت مەندە يا.
كىلتاتان كەنتى — مېنىڭ يۇرتۇم، سۆيۈملۈك ئۆز ئانام،
سىردىشىم، دوستۇم، ھىماتىم ئۇندىكى نامرات ئاۋام.
مەيلى ئەھۋال بولسا قانداق، ئاڭا ھېچ يەتمەس زىيان
ھەم ئۇلارمۇ بۇ ئۈچۈن چۈشمەس ئۇسسۇلغا شاد - خۇرام.
مېنى جەڭگە ئۈندىگەن نەرسە ئەمەس مەجبۇرىيەت،
يا خەلق، داڭدار شەخسلەر ياكى قانۇن - شەرىئەت.
لەرزىگە سالغاچقا قەلبىمنى مېنىڭ بىر ئىشتىياق،
ئويلىدىم پەرۋاز قىلىشنى كۆك ئارا بۇركۈت سۈپەت.
ھەممە ئىش ئۆتمۈش - بۇرۇندىنلا ماڭا بولغان ئايان،
كەلگۈسى تۇرمۇش - ھاياتتىن قالمىغاي ھېچبىر نىشان.
ئۆتتىغۇ نۇرغۇن دەۋرلەر ئەھمىيەتسىز، بىلەمىز،
بۇ ھايات بىرلە ئۆلۈمنىڭ يوق ئىكەن پەرقى ھامان.



## مېرژېكوۋسكىي (روسىيە)

دمىترى سېرگېيېۋىچ مېرژېكوۋسكىي (1866 — 1941) روسىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى، شائىرى، پەيلاسوپى، ئەدەبىي تەنقىدچىسى، روسىيە سىمۋولىستىك شېئىرىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى. ئۇ 1866 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، پېتربۇرگدا بىر كىچىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلاپ، 1888 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «شېئىرلار 1883 - 1887»نى نەشر قىلدۇرغان. 90 - يىللاردا شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1893 - يىلى «ھازىرقى زامان روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ چېكىنىش سەۋەبلىرى ۋە تۈرلۈك يېڭى ئېقىملار توغرىسىدا» دېگەن كىتابنى ئېلان قىلغان.

مېرژېكوۋسكىي 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن بۇيانقى روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتى ئاساسىدا، يېڭىچە سەنئەت پرىنسىپى — «يېڭى سەنئەتنىڭ ئۈچ ئامىلى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى يېڭى دەۋردىكى روسىيە سىمۋولىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتى، سىمۋولىزمنىڭ خىتابنامىسى دەپ قارالغان.

ئۇ 1920 - يىلى پارىژغا بېرىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى نۇرغۇن ماقالە ۋە ھېكايىلەرنى يازغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فرانسىيىدە ناتسىست گېرمانىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، 1941 -



يىلى 12 - ئايدا، فرانسىيىدە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ شېئىر ۋە نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە «ئالېكساندر I»، «شاھزادە ئالېكسېي»، «پاۋېل I»، «تەڭرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى» قاتارلىق رومان ۋە نەسىرلەر توپلاملىرى بار.

### تۈن ئوغلى

قۇياشنىڭ ۋەسلىگە بولۇپ ئىنتىزار،
قارايمىز ئۇيقۇقا تەلمۈرۈپ ھامان.
تۈن ئوغلى — بەختسىز بالا كۈتمەكتە
بىزنىڭ شۇ ئەۋلىيا كېلەر دەپ قاچان.

پارلايدۇ دىللاردا ئۈمىد يۇلتۇزى
ئەزرائىل كۆرستىش ئالدىدا چېھىر.
تەسەۋۋۇر ئەيلەيمىز ئىقبال - ئەتىنى،
بۇ تەڭسىز ئالەمدىن ئۈزەلمەي مېھىر.

سۆزىمىز شۇنچىلىك مەردانە - كەسكىن،
ئۆلۈمنى مات قىلىش قىيىندۇر بىراق.
كېلىدۇ بېشارەت چاقماق كەبى تېز،
باھارنىڭ ۋىسالى كېتىدۇ يىراق.

زۇلمەت تۈن قوينىدا چىللايدۇ خوراز،
تۆرەلگەچ قايتىدىن ئۆلگەن تاڭ ھامان.
بىز سۇبھى - سەھەردە تەنگە نەشتەردەك
سانجىلغان دەھشەتلىك سوغۇق - قەھرىتان.

بىز چوڭقۇر ھاڭلارغا ئېسىلغان شوتا،
تۈن ئوغلى قۇياشنى تۇرماقتا كۈتۈپ.
تاڭلا نۇر - زىيانى ئەيلەپ كۆلەڭگە،
ئۇ چاچقان نۇر ئىچرە كېتەرمىز ئۆلۈپ.

## بېگانىلىق

ئىشەن ماڭا، چۈشەنمەيدۇ ئادەملەر
كۆڭلۈڭ ئارا يوشۇرۇنغان سىرىڭنى.
بوتۇلكىغا لىق تولغاندەك مەي - شاراب،
قامال قىلدى قايغۇ - ھەسرەت دىلىڭنى.

دوستلار بىلەن يىغىلغاندا سەن، بەلكىم،
كۆزلىرىڭدىن چىقار سىرغىپ ئۈنچە ياش،
لېكىن سېنىڭ قولۇڭدىكى قەدەھكە
چۈشەر پەقەت ئىككى يا ئۈچ تامچە ياش.

سەن ئايرىلغان چاغدا بارچە دوستلاردىن
ئەشۇ يىراق يەردە، پىنھان - خىلۋەتتە،
تەشۋىشلەرگە چۆككەن قەلبىڭ تەكتىدە
بېگانىلىق ئۆتەر مەڭگۈ ئىشرەتتە.

باشقىلارنىڭ قەلبى — ئۆزگە بىر دۇنيا،
ئۇندا يول يوق ئۇچرىشىشقا ئۆز ئارا!
دىلىڭ ئوتلۇق مۇھەببەتكە - سۆيگۈگە



يار بولسىمۇ، ئورۇن بەرمەس ئۇ ساڭا.

كۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇر - تىرەن يېرىدە
بىر نەرسە بار شۇنچە نۇرلۇق - پارقىراق،
تۇيۇلىدۇ ھەر دەقىقە ئۇ ماڭا
ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك بەك يىراق.

ئۆز - ئۆزۈڭنى مەھكۇم - ئەسىر ئەيلىدىڭ
ئاسارەتكە، ئەي دىلخەستە - بىچارە،
سەن مۇھەببەت، دوستلۇق، ھەممە تەرەپتىن
ئۆمۈرۋايەت بولدۇڭ غېرىب - بېگانە.



## بۇنىن (روسىيە)

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بۇنىن (1870 — 1953) روسىيىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرى ۋە يازغۇچىسى. ئۇ 1870 - يىلى ۋورونېژ ئوبلاستىنىڭ يېلېتس دېگەن يېرىدە سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىغىچە ئوقۇپ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان، كۇتۇپخانا، گېزىتخانىلاردا ئىشچى، ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ستاتىستىكا خادىمى بولغان، كېيىنچە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ بىر يىل ئوقۇغان.

بۇنىن 17 يېشىدىن باشلاپ شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلىغان، «تۆكۈلگەن ياپراق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1901 - يىلى پۇشكىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن كېيىن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، 1906 - يىلى روسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، فرانسىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەم نۇرغۇن ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇ يەنە باشقا ئەللەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىنى تەسۋىرلەيدىغان «ئىلاھىيەت دېڭىزى»، «ئۆلۈك دېڭىز»، «قۇياش ئىبادەتخانىسى» قاتارلىق شېئىرىي چۆچەكلەرنى يازغان. ئۇ «نەسىرلىرىدە روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نەپىس سەنئەت ئۇسۇلىنى ئىپادىلىگەن»لىكى ئۈچۈن 1933 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە



ئەسەرلىرىدىن «ئارسېنيېفنىڭ ئۆمرى»، «مىگانىڭ مۇھەببىتى»، «قىيامەت»، «سان - فرانسىسكودىن كەلگەن مۆتىۋەر» قاتارلىق رومان، پوۋېست، ھېكايىلىرى بار.

### يوقالدى ئاداققى نۇرى شەپەقنىڭ

يوقالدى ئاداققى نۇرى شەپەقنىڭ،
قارايمەن ئەتراپقا غەمكىن - پەرىشان.
ئالدىمدا ياتىدۇ تاقىر ئېگىزلار،
پايانسىز گۈگۈملا بۇندا ھۆكۈمران.

يىراقتا سوزۇلغان چەكسىز دالىنى
كۆزنىڭ بۇ كېچىسى قىلماقتا قامال.
گۈگۈمنىڭ ئاداققى قىزغۇچ زىياسى
مۇڭ باسقان شاخ ئارا كۆرۈنەر غىل - پال.

ھەممە ياق تېپتىنچ - سۈكۈتتە تامام،
چۈلغىدى قەلبىمنى غەيرىي بىر ئازاب...
نە سەۋەب روي بەردى مەندە بۇ ھالەت؟
تۇرىمەن تېگىرقاپ تاپالماي جاۋاب.

تاپناقىر ئېگىزنى يۇتقاچقىمۇ تۈن؟
يا ئەزىز ماكانىم قالغاچمۇ يىراق؟
ۋە يا كۈز سەھراغا، ئوتلاقتا سۈكۈت
ئەكەلگەچ تارقىتىپ تونۇش ھىد - پۇراق؟

## مەن شىمالدا تۇرىمەن تەنها

تۇرىمەن تەنها شىمالدا، كەلدى شادلىق ھەپتىسى،
جۇت بۇ جاي. . . يۇرتۇمدا ياڭرايدۇ باھارنىڭ نەغمىسى؛
ئېرىدى قارلار ئېتىزدا، دەلدەرەخلەر يايرىدى،
ئاقتى ئەگىز، قىزىدى كۆكتە يېشىللىق بەزمىسى.

ئاق قېيىن ئويىنار ئۇسسۇل بىر ئۆزگىچە رۇخسار تۇزۇپ،
ئەۋرىشىم ئاپئاق بۇلۇتلار يۇرۇشەر ئەركىن ئۇزۇپ،
باغ ئارا سەيلە قىلىپ ھارمايدۇ ئاپرېل شامىلى،
بارچە دىللارنى ئاجايىپ ئىزگۇ ھېسقا چۆمدۇرۇپ.

## ياغماقتا ئاق يېغىن ئورماندا سىم - سىم

ياغماقتا ئاق يېغىن ئورماندا سىم - سىم،
شەمشاد دەر ئىڭاڭلاپ: «ئاھ، بۇيۇك خۇدا.»
شەبنەملەر قاپلىغان دەرەخلەر تامام
ئۇخشىدى شىركەيىپ مەستلەرگە گويا.

قاراۋۇلخانىنىڭ پەنجىرە تۈۋىدە
چىنىنى قوشۇقتا چېكەر بىر بالا.
نەم - زەيكەش ئېغىلدا مۆرىسە موزاي،
كاڭدىكى تۆشەكتە ئۇخلايدۇ ئانا.

قاراۋۇلخانىدا گىڭشىلداپ چىۋىن،



ئورماندا مۆڭلىنار چۈمچۈق نەسەۋەب؟
زىبالىق - ئۆزلۈقنى قىلار گۈل كۆرەك،
ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر يالتىرار ئەجەب؟

نېمىشقا يوغان باش بالا قوشۇقتا
يامغۇرغا جۆر بولۇپ چېكەر پەنجىرە؟
سىقتىمۇ ئىچىنى قاراۋۇلخانا
ۋە بۇندا روي بەرگەن ھالەت - مەنزىرە؟

شۇ زەيكەش ئېغىلدا مۆرەيدۇ دائىم
موزاي تىل چىقمىغان گاچىدەك گويا.
ئېگىپ شاخ - قەددىنى ھەسرەتتە شەمشاد
دەيدۇ: «ئاھ تەڭرىما، كېرەملىك خۇدا!»

## بالبال

قۇرۇتتى چۆپلۈكنى تومۇز ئاپتىپى،
ئوتلاقتا يىراق يەر كۆرۈنەر غىل - پال.
ئاتتىنىڭ باش سۆڭگىكى قاراڭلار ماۋۇ،
بۇ يەنە قەد كېرىپ تۇرغان بىر بالبال.

يۇزلىرى شۇنچە كەڭ، يېگانە تۇرقى
تولىمۇ قەدىمي، بەدبەشىرە - سەت.
تەبەسسۇم ئەيلەر ئۇ قورقۇپ مەندىن ھەم
سۇر باسار مېنىمۇ قارىسام ھەر رەت .

قالغان بىر نادانلار دەۋرىدىن مىراس،
ئۇ خۇدا بولغانمۇ ئەينى چاغدا يا؟
ياراتقان ئەمەستۇر خۇدا بىزلەرنى،
قۇل بولۇپ ياراتتۇق بىز تالاي خۇدا.

## ناخشا ئېيتار بىرى بۇ كەچ توختىماي

ناخشا ئېيتار بىرى بۇ كەچ توختىماي،
چاك كەلتۈرۈپ تۈندە ئېتىز - دالىنى.
بولۇر دەردلىك ناخشىسىدا نامايان
ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بەخت، ئارمىنى.

دېرىزىنى ئېچىپ چىقتىم ئۈستىگە،
سەن ئۇيقۇدا. . . مەن سالىمەن ئاڭا زەن.
ئېتىزلاردىن تارالماقتا خۇشپۇراق،
تۈن - كېچىنىڭ ھاۋاسى ساپ - زەپ بەلەن.

قانداق ھېسنى سالدى دىلغا بۇ ناخشا،
بىلەلمىدىم. . . بېشىم دەردتىن پىرقىرار.
خۇددى ماڭا سەن مەھلىيا بولغاندەك،
بولدۇم ساڭا مەنمۇ ئاشىق - بىقارار.

## ماۋزۇسىز

ئۇ ياتار قەدىمىي قەبرە ئىچىدە،
قولىدا قىلىچى، قاراۋۇل سۈپەت.



ئېيتىدۇ ئاۋازسىز، كۈي - ناخشىسىنى
ياغدۇرۇپ ئۆزىگە قەسىدە، ھۆرمەت.

كۆرگىلى بولماس ھېچ چىراي - ئەپتىنى،
ساۋۇتىنىڭ ئۈستىدە تۇرار تون - چاپان،
ئۇ بولغان ئىلگىرى لەشكەر ھەم داھى،
لېكىن ئات - ئىسمىدىن قالمىغان نىشان.

## دانىشمەنلەرگە

قەھرىمان مات قىلار غالجىر رەقىبنى،
قەھرىمان — تەڭداشسىز قۇدرەتلىك بوران،
كۆيۈپ ئۇ كۈرەشنىڭ يالقۇنلىرىدا،
جاھانغا نۇرىنى تارقىتار ھامان.

پىنھاندا تىنغ بىلەر توخۇ يۈرەكلەر
كۆڭلىدە ئۆچ - قىساس ئېلىشنى ئويلاپ.
دانىشمەن قەلبىدە يېلىنجىغان ئوت
كۆلدىكى چوغ كەبى تۇرىدۇ چاقناپ.

## ياز تۈنى

— ئانا بىر تال يۇلتۇز بەر، — دەيدۇ بالا
ئۇيقۇچان ھالەتتە كۆزىنى ئېچىپ.
ئانىسى گۈللۈككە تۇتاش پەشتاقتا
ئولتۇرار ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ.

تاغ ئۈستى — گۈللۈككە سۈكۈت ھۆكۈمران،
ياز تۈنى قاراڭغۇ، يۇلتۇزلار غۇۋا.
بىر يۇلتۇز مەشرىقنىڭ كۆكىدە يالغۇز
چاچىدۇ ئەتراپقا قىزغۇچ نۇر - زىيا.

— بەرگىنە!
ئانىسى يېقىملىق كۈلۈپ:
— نېمىنى، ئوغلۇم؟ — دەپ قويىدۇ سوراپ.
— ئا بىر تال يۇلتۇزنى. . .
— نېمە قىلىسەن؟
— ئوينايمەن. . . — دەپ بالا بېرىدۇ جاۋاب.

پىچىرلار ياپراقلار گۈللۈكتە مەيىن،
يايلاقتا تىنىمسىز چىرىلدار سۇغۇر.
ئانىنىڭ تىزىغا باش قويۇپ بالا
لەززەتلىك ئۇيقۇدىن تاپماقتا ھۇزۇر.

ئوغلىنى مېھىرلىك قۇچاقلاپ ئانا،
بەختلىك تۇيغۇدا قويىدۇ تىنىپ.
يىراق كۆك قەرىدە ياتقان يۇلتۇزغا
تۇرىدۇ ھەسرەتلىك كۆزىنى تىكىپ.

ئەي دەرمەن، جاپاكەش ئىنساننىڭ قەلبى،
گۈزەلسەن شۇ قەدەر، زەمزەم كەبى ساپ!
بەزىدە پايانسىز تۈن ئاسمىنى ھەم



ئۈندىكى يۇلتۇزغا كېتىسەن ئوخشاپ!

## يىراقنىڭ شامالدا

تۇتۇلغان كۆك - ھاۋا قىلار دىلنى غەش،
يىراقتا تىنىمسىز ھۇۋۇلار جۇت - شامال.
ئازابلىق سەكراتقا چۈشكەندە زېمىن،
ئاي - يىللار بۇ يەردە ئەيلەندى قامال.

سازلىقلار ئۇرىغان تاقىر دۆڭلۈكنى،
ئاقارغان دەرەخلەر مىسالى سۆڭەك.
ياتىدۇ توختام سۇ گۈگۈم قوينىدا،
مانانلار ئالەمگە ياپماقتا ئېتەك.

زۇلمەت تۈن قوينىغا پاتماقتا زېمىن،
ئۇپۇقتا ئاداققى نۇرنىڭ جۇلاسى.
ئورمانغا ھۆكۈمران سوغۇق سۈكۈنات،
ئاڭلانماس دېڭىزنىڭ شاۋقۇن — ساداسى.

يۇلتۇزلار بوشلۇقتا قىسىشىدۇ كۆز،
چېچىپ ھەر تەرەپكە خىرە نۇر - زىيا.
ئۇلارنىڭ شۇ خىرە — ئاجىز نۇرلىرى
ئاسماننى يورۇتۇپ تۇرىدۇ گويا.

## يايلاقتا

— ن. د. دېرشوفقا بېغىشلايمەن

تۈنۈگۈن يايلاقتا تۇرسام، بېشىمدىن
تۇرنىلار سايرىشىپ ئۆتتى قېقىپ پەر.
ئۇلارنىڭ يېقىملىق ناۋالىرىدىن
لەرزىگە كەلدى بۇ سۈكۈناتلىق يەر.
كېتىشتى ئوكيانىنىڭ ئۇ قىرغىقىغا،
كۆتكەچكە ئۆزگىچە يېڭى بىر باھار.
گۈزەللىك تالىشار كائىنات، لېكىن
جۇدۇنلۇق كۆكسىنى قىش بىزگە ياقار.
ئاسماننى قاپلىدى قاپقارا بۇلۇت،
يايلاقلار، ئورمانلار ئەيلەندى خازان.
بېجىرىم شاخلارنى قىلدى نابۇت، خەس
غەربتىن ئۆرۈلگان ئەسەبىي بوران.
جانلىقلار ئۈزۈلمەي تۇرار ئۆتۈشۈپ،
غازاڭلار تولدى لىق ئازگال - ئويمانغا.
چىلبۆرە كۆزلىرى گويا كۆيگەن ئوت،
تۈن ئېتەك يايماقتا يەرۈجاھانغا.
ئىنسانلار قەلبىگە چىرماشتى ھەسرەت،
تۇرنىلار ئالەمچە خۇشالدۇر بىراق.
بولسىمۇ ئۇلار بەك مەردانە، ئەركىن،
يوق ئاڭا مەندە ھېچ ھەۋەس - ئىشتىياق.
ۋاقىتلار مەنىسىز، ئۆتەر بەك تەستە،
قاپلىدى پايانسىز يايلاقنى تۇمان.
ئاتسا تاڭ، توپلانغان قارنىڭ سايىسى



خىرە نۇر ئىچىدە كۆرۈنەر ئاران.
شەيدا مەن يۇرتۇمنىڭ يايلاقلىرىغا،
بۇ، پەسىل قۇشلىرى، سىلەرگە ئايان.
بايلىقتىن نېسىۋە تەگمىگەن قىشلاق
مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز، مۇقەددەس ماكان.
ۋەتەننىڭ ھەسرەتلىك گۈزەللىكىنى
سەرسانلىق ئىلكىدە يەتتىم مەن تونۇپ.
چۈشەندىم، ھەسرەتلىك گۈزەللىك ئۆزى
بىرەركەن تەڭداشسىز بەختنى تۇغۇپ.
ئىللىق، شوخ شامىللار چېلىپ سازىنى،
پارلاق نۇر چاچىدۇ زەر قۇياش چوققۇم.
نۇرلىنىپ يۇرتۇمنىڭ تاغ - دالىلىرى،
قالدۇرار ئاجايىپ گۈزەللىك، ئۇدۇم.
قايتىدىن جاراڭلاپ ھايات كۈلكىسى،
سىلەرنى كارامەت قالدۇرار ھەيران.
يۇرتىمىز جەننەتنىڭ تۇسىنى ئېلىپ،
ئالەمگە جىلۋىلىك يۈز ئاچار رەيھان.
زۇمرەترەڭ لىباسقا پۈركىنىپ شاخلار،
غازاڭلار ئۈستىدە تۇرىدۇ مەغرۇر.
يېقىملىق، سۈپسۈزۈك ئاسمانغا قاراپ،
خۇشاللىق تەختىدە سۈرىدۇ ھۇزۇر.
مەن شۇ چاغ تاماشا ئەيلەپ بىمالال،
گۈلگۈن — خۇش ھىدلاردىن ئالىمەن نەپەس.
ئاڭلايمەن قۇشلارنىڭ شاد ناخشىسىنى
ھاياجان ئىلكىدە باغلاپ زوق - ھەۋەس.
قۇياشتىن نۇر ئىچىپ بىخ سۈرەر مايسا،

ئېتىزلار ياقۇتتەك چاقنايدۇ ھەردەم،
سۇس تۇمان گويا بىر نېپىز تور — شايە،
يەر - ئاسمان كۆرۈنەر ئېخىمۇ كۆركەم.

ئەي پەسىل قۇشلىرى، سېلىڭلار نەزەر،
جەنۇبقا سۇرمەكتە سىلەرنى ئازاب.
سۆيگۈگە ئىنتىلىش — ياشلىقنىڭ چۈشى!
دەپ ماڭا باھارىم قىلماقتا خىتاب.
بەزىدە ئۇشتۇمتۇت قالىمەن ئەسلەپ
بەختىنىڭ بۇرۇنقى كەچمىشلىرىنى.
ئاي - يىللار ئۆتتۈپتۇ. . . قوزغىيالماس ھېچ
ئۇلار بۇ قەلبىمنىڭ ھېسداشلىقىنى.
سۈكۈتلۈك قەلبىمنىڭ تېرەن تەكتىدە
تۇرسىمۇ ئۇ گەرچە يەنىلا بىخلاپ،
ۋە لېكىن، بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشاش
ئۆتكەن كۈن - ئاي ئۇچۇن چەكمەيمەن ئازاب.
چۈنكى ئۇ يۇرت مەيلى بولسۇن گۈلچىمەن،
مەيلى بۇ يۇرت بولسۇن ئۇنۇمسىز — تاقىر؛
پايانسىز ئالەمنىڭ ھەممىلا يېرى
يارقىنلىق نۇرىغا چۈمۈلەر ئاخىر.
ئەي پەسىل قۇشلىرى، قېلىڭلار بىلىپ:
جاھاندا ھەممىسى قىممەتلىك ماڭا.
سىلەرنى ھەسرەتكە مەھكۇم ئەيلىگەن
ئازابلىق تەقدىرنى يەڭدىم مەن مانا!



## ۋەتەنگە

ئەي ئەزىز ۋەتىنىم، سۆيۈملۈك دىيار،
سېنى زەپ خار — ۋەيران ئەيلىدى ئۇلار.
ئەرزىمەس، كۆرۈمسىز زۇلمەت دەپ بىلىپ،
رەنجىدى سېنىڭدىن، بولۇشتى بىزار.

ئوغلىنىڭ شەھەرلىك دوستلىرى ئارا،
ھەسرەتتە ھالسىراپ تۇرىدۇ ئانا.
شۇ بىغەم، نومۇسسىز ئوغۇل ئانىدىن
تانىدۇ ھەتتا كۆز سالمايدۇ ئاڭا.

ئانا ئۆز ئوغلىنى ئىزدەيدۇ شۇتاپ،
قالدۇردى مۈلكىنى ھەم ئاڭا ئاتاپ.
ۋە لېكىن شۇ ئوغۇل ئېچىنىش ئىچرە
سوغ كۈلۈپ ئانىغا تۇرىدۇ قاراپ.

## شىمالدىكى ئاق قېيىن دەرىخى

ئورنىدىن ئاق قېيىن يېشىل تونىغا،
تۇرار كۆل بويىدا كۆككە باش تىرەپ. . .
«ئەي قىزلار، ئەتىياز نەقەدەر سوغۇق،
جۇدۇندا ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ ئەجەب!»

بەزىدە قار، يامغۇر سېلىشسا ساما،
بەزىدە پارلاق نۇر تۆكىدۇ قۇياش. . .

«ئەي قىزلار، نەقەدەر شاد ئۇرمان، ئوتلاق،
زەپ ئېسىل بۇ باھار، تېپىلماس تەڭداش!»

بۇلۇتلار قاپلىدى ئاسماننى يەنە،
قار چۈشتى ئۇسسۇلغا، ھۇۋۇلايدۇ بوران...
«تىترەيدۇ ۋۇجۇدۇم، بولمىسۇن گۈل خەس!
تاڭلا ھەم زەر قۇياش بولىدۇ ئايان.»

## كار قىلماس ماڭا ھېچ بورانلىق يامغۇر

كار قىلماس ماڭا ھېچ بورانلىق يامغۇر،
ئەي باھار گۈلدۈرى، ياڭرىغىن خۇشال!
يامغۇردىن كېيىنكى زۇمرەتتەك ھاۋا
دىللارنى ئۆزگىچە قىلسۇن جەلب، لال.
باغلاردا گۈل ـ گىياھ يۇيۇنۇپ پاكىز،
ئاجايىپ يېڭىچە كۆرسەتسۇن جامال؛
ئېچىلىپ بەس ـ بەستە، چېچىپ خۇشپۇراق،
تاپسۇن ھەم ئۇزلۇقتا بۆلەكچە كامال!

تۇتۇلغان ھاۋادىن قورقمەن بىراق،
ئۇندا بەك مەنىسىز تۇيۇلار ھايات،
كۇنبويى ئازابسىز، بەختسىز بىر خىل
ئۆتىدۇ بىھۇدە تۇيدۇرمايلا پات.
بولمىسا ئېجتىھات، مېھنەت، جەڭ ـ چېلىش،
ھاياتلىق قۇدرىتى ئەيلىنەر بەربات،
گوياكى قاتمۇ قات تۇمانلار ئىچرە



زەر قۇياش بولغاندەك مەڭگۇ تىلسىمات!

## ئۆتكەن ئىشلار

تاڭ ئالدى سۇلغۇن باغ، مەجنۇنتال ئارا،
كۆلچەككە خىرە نۇر تۆكۈپ بىمالال،
تۇندىكى سۇ ئۈزرە پارقىرىغان شۇ
يۇلتۇزنى تېپىشقا مەندە يوق ئامال.

مەن بەخت، شادلىقنى زارىقىپ كۇتۇپ،
دەسلەپكى ناخشامنى پۈتتۈرگەن يېزىپ،
ياشلىقىم ئۆتكەن شۇ غېرىب كۆلبىگە
يەنە بىر بېرىشقا بولمىدى نېسىپ.

## ھىلال ئاي

كەچكى شەپەق جىلۋە قىلار يىراقتا،
شۇنچە روشەن ياپراقلارنىڭ سىيماسى.
تۇرار چۈمۈپ سىرلىق خۇشبۇي پۇراقتا
چىمەنلەردە ئۇنىڭ ئالتۇن زىياسى.

تارتىنىشتا چۈمۈپ باھار ھېسسىغا
پەيدا بولدى ھىلال ئاي كۆك قەرىدە.
دەرەخلەردىن شۇڭغۇپ ئۆتكەن نۇرلىرى
يالتىرايدۇ ئەينەكتەك سۇ يۈزىدە.

ئەتە ئاخشام چىقسا تەنھا ئۇ يەنە،
سېغىنىشتا يېلىنجايدۇ خىيالىم.
ئاڭا ئوخشاش، لېكىن بەكمۇ يىراقتۇر
مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈم، يىتكەن باھارىم. . .

## سۇبھى

زۇمرەتتەك يايپېشىل دېڭىزنىڭ سۈيى
كۆرسىتەر ئەينەكتەك ئاسماننى ئېنىق.
ياقۇتتەك يۇلتۇزلار تۇرىدۇ چاقناپ،
سۇبھىدەم كۆك قەھرى شۇنچە ساپ، تىنىق.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان بالىدەك گويا
تاڭ ئارا يۇلتۇزلار كېتەر ئەندىكىپ.
ئۇرغۇپ كىرپىككە مەيىن شوخ شامال،
ئاڭا ھېچ ئۇيقۇنى قىلدۇرماس نېسىپ.

## قەبرە تەزكىرىسى
(سونېت)

مەن ئىدىم ئۆلگەندە تېخى گۆدەك قىز،
ئۇ ئېيتقان ماڭا: «سەن نازىنىن - زىبا.»
مۇھەببەت - سۆيگۈگە بېرىلىپ چەكسىز،
ئۈمىدتىن بىر ئۆمۈر بولمىغان جۇدا.
تىڭشىندىم سۈكۈتكە، كەلگەندە باھار،
ئۆلۈمگە ئۇۋلاندى بارلىقىم مېنىڭ.



ۋە لېكىن ھاياتىم ئۆتمىگەچ بىكار،
مۇھەببەت تەختىدە ياشىدىم ئۇنىڭ.
سايىۋەن يول ئارا سۈكۈت ھۆكۈمران،
يۇرىدۇ شوخ شامال ئۇيقۇچان ھالدا.
پىچىرلاپ بەختىنى قىلار ئۇ بايان،
مۇھەببەت كۈيىنى چېلىپ مازاردا.
ئۇنتۇلماس ئەسلىمەم ئاڭلىنار ئاڭا،
سايىۋەن يول ئۈستى تىنچ كۆك — ساما.

## قىزىل سۇۋادان

باراقسان ئورماندا سەيلە قىلار كۈز،
سازلىقتا مۇخلارمۇ قالدى قاغجىراپ.
ئاسماندا بۇلۇتلار ئۇچماقتا لەيلەپ،
كۆل سۈيى تۇرىدۇ خىرە يالتىراپ.

نىلۇپەر توختىدى ئېچىشتىن پورەك،
زەپەرمۇ تامامەن ئەيلەندى خازان.
شىلدىرلار ئورماندا تۆكۈلگەن غازاڭ،
قاقاسلىق بارماقتا چىغىر يول تامان.

ئۆسكەن سۇ بويىدا — ئوت - چۆپلۈك دۆڭدە
چوڭ بىر تۈپ قەدىمىي قىزىل سۇۋادان.
قۇرۇغان بولسىمۇ شاخلىرى گەرچە،
تېخىچە ئورنىدا تۇرار خىرامان.

ئۇ تۇرار ئۇيقۇلۇق ھالەتتە بۇدەم
پەرىشان، مادارسىز سۇغا كۆز تىكىپ.
گۈزەللىك تالىشار بارچە دەرەختىن
بىر كۈنلەر نەۋ باھار كەلگەندە يېتىپ.

## كۆلچەك

تاڭ سەھەردە تىنىق كۆلچەك ئۈستىدە
ئويىنار بىر توپ قارلىغاچلار ئۇچۇشۇپ.
بەزەن زۇمرەت سۇ ئۈستىدە ئايلانسا،
بەزەن ئۆتەر سۇ يۈزىنى قۇچۇشۇپ.

ئەتراپ گويا يېشىل مەخمەل پايانداز،
ۋىچىرلىشار قارلىغاچلار ئۈستىدە.
كۆلچەك مىسلى ئەينەك، ئەتراپ شولىدۇر،
جىلۋە قىلىپ تۇرار ئۇنىڭ يۈزىدە.

قاشتا تۇرغان دەلدەرەخنىڭ ھەممىسى
خۇددى ئەتۇر ئۆسكەندەكلا بىلىنەر.
ئاسماندىكى توپ - توپ بۇلۇت سۇدىكى
بۇلۇتلارنىڭ شولىسىدەك كۆرۈنەر.

كۆلچەكتىكى ئاق بۇلۇتلار شۇنچە ئۈز،
سۈزۈك ئاسمان تۇرار كۆزنى چاقنىتىپ...
كەنتتىكى تاڭ سائىتى جاراڭلاپ
كەلدى شۇئان ئەكس سادا ياڭرىتىپ.



## قاپلىدى ئورماننى كۈز شاماللىرى

قاپلىدى ئورماننى كۈز شاماللىرى،
دەرەخلەر شاۋقۇنلاپ كۆتەردى غەليان.
ياتىدۇ چېچىلىپ شاخلار سۆڭەكتەك،
ئۆچماقتا يولدىكى غازاڭلار ھەريان.

گاھىدا چىقىدۇ دەھشەتلىك بوران،
گاھىدا جاھاننى باسار سۈكۈنات.
دەلدەرەخ ئاھ ئۇرار ھەسرەت ئىلكىدە،
ئالتۇنرەڭ غازاڭلار بولماقتا بەربات.

ئاسماننى بۇلۇتلار ئەيلىگەن قامال،
جۇدۇندا ھېچنەرسە تاپالماس ئەمىن...
ھەممىنى كۆل قىلىپ ئۇچۇرسىمۇ ئۇ،
يەنىلا پاكلىقنى يوقاتماس زېمىن!

قىش كېتەر، ياز كېلەر، لېكىن قارلارنىڭ
ساخاۋەت، ھىممىتى يۈكسەكتۇر ھامان.
تا باھار كەلگۈچە ئۇنىڭ قوينىدا
بوغۇنلار بوۋاقتەك ئۇخلايدۇ ئامان.

تارتىلدى ھەر ياڭغا كەچكۈز پەردىسى،
ئالتۇندەك ياپراقتا تولدى يەر - زېمىن.
غازاڭلار ئاستىدا غۇبارسىز بىخلار

چۈشەپ نەۋ باھارنى ياتماقتا لېكىن.

تۆرىلەر ھاياتلىق قاراڭغۇلۇقتا،
بار ئۇنىڭ خۇشاللىق، قايغۇسى ئەبەد.
شۇلاردىن رېئالنى تۇرمۇشتىكى بۇ
ھەقىقىي گۈزەللىك تاپىدۇ مەدەت!

## قالدى يۇرتۇم كۆز يەتكۈسىز يىراقتا

قالدى يۇرتۇم كۆز يەتكۈسىز يىراقتا،
چۈشلىرىمگە ھەمراھ يېزا، باغلىرى؛
يول بويىدا كۆككە يەتكەن دەلدەرەخ،
يېشىللىقتا تولغان باھار چاغلىرى.
ئاق بۇلۇتلار ئۈينار مەيىن داۋالغۇپ،
سەھەر پەيتى زۇمرەتتەك كۆك ئاسماندا.
شۇدىگەردە ئېتىزلارنىڭ جىلۋىسى،
تەڭكەش بولۇر گويا قۇشلار ساپانغا.
بوز تورغاينىڭ مۇڭلۇق، ياڭراق ناۋاسى
چۈشەر كۆكتىن يەر — مۇقەددەس ماكانغا.

قالدى يۇرتۇم كۆز يەتكۈسىز يىراقتا،
چۈشلىرىمدە ئۇ يەردىكى ھۆرنىگار،
شەھلا كۆزى ئەسلىتەر كۆك دېڭىزنى،
مەجنۇنتالدۇر چېچى، قەددى بىر چىنار.
شەيدا قىلغان ئۇنى ئوتلاق، جىمجىتلىق،
ئانا يۇرتى ھەمدە نۇرلۇق تاڭ سەھەر.
ئالدىدىكى چەكسىز كەتكەن دالىغا



تۇرار سىلىپ ھۆرمەت بىلەن كۆز — نەزەر:
پەرۋاز قىلار خىيالىنىڭ كەڭ كۆكىدە،
لەۋلىرىدە تەبەسسۇمى شادلىقىنىڭ.
ئېھ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن دەسلەپكى
گۈلباھارى بەخت بىلەن ياشلىقىنىڭ.

## باھار كېچىسىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان

نەقەدەر يېقىملىق يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
ئاڭلىنار بۇلبۇلنىڭ كۈيى ئۆزگىچە...
دەرەخلەر شولىسى كۆلچەككە مەھكۇم،
ئەقلىمنى لال قىلدى بۇ ئايسىز كېچە.

سەن باھار نۇرىدەك بولغاچ ئېسىل، پاك،
سۆرىمەن ھاياتنىڭ پەيزىنى ھەردەم.
گۈل ھىدى، رەڭ، ئاسمان ئەتىسمۇ مەپتۇن،
مەن پەقەت سېنىلا سۆيىمەن، ئەركەم.

سەنسىز ھېچ ھاياتنىڭ بولماس لەززىتى،
جاھاندا بىر مەنمۇ قىممەتلىك ساڭا.
نېمىشقا سۆيگۈڭنى چاتتىڭ سۆيگۈمگە؟
سەۋەبى قۇياشتەك ئاياندۇر ماڭا.

## ناخشا

ئۇ، قەيسەر غەيرەتلىك، خۇشخۇي بىلىقچى،
مەن بولسام سەھرالىق ئاددىي قىز بالا.

قىلدۇرۇپ جەۋلان ئۇ ئاق يەلكىنىنى،
دەريا ھەم دېڭىزنى كۆرگەن بەك تولا.

بوسپورۇس بوغۇزىدىكى گرېك قىزىنى
ئۆز دەر خەق. . . مەن ئاڭا يەتمەيمەن پەقەت.
ئاق يەلكەن يوقالدى دېڭىز يۈزىدىن،
ئېھتىمال، ئۇ ئەمدى قايتالماس ئەبەد.

كۈتمەن، كۈتۈشكە قالمىسا تاقەت،
بارىمەن ساھىلغا يۈرتتىن بوپ جۇدا.
قولدىكى ئۈزۈكنى تاشلاپ دېڭىزغا،
ئۆلەرمەن چېچىمنى قىلىپ دار گويا.

## دالا گۈلى

پارنىكتا چىراغلار يانىدۇ ھەيۋەت،
ئۇندا ھەر تۈرلۈك گۈل ئاچىدۇ پورەك.
ياپيېشىل ياپراقلار شۇنچىلىك يارقىن،
خۇش ھىدلار مەۋجىدە ئوينايدۇ يۈرەك.

ناتونۇش زېمىندىن كەلگەن بۇ گۈللەر
پارنىكتا بېقىلىپ ئۆستى ئۆز - زىبا.
دەھشەتلىك — ئەسەبىي بوران، يامغۇر ھەم
قار - جۇدۇن قىلچىلىك كار قىلماس ئاڭا.



يۈرتۇمنىڭ پايانسىز دالالىرىدا
گۈللەرمۇ ئەتراپقا چاچىدۇ ئىپار.
ئۆزىنىڭ مۇقەددەس گۈلگۈن نۇرىدا
ئۇلارنى پەرۋىشلەپ ئۆستۈرەر باھار.

ئەمەستۇر ئەينەكلىك پارنىكقا مەھكۇم،
سۈرەر كۆك ئاسمانىنىڭ پەيزىنى قەۋەت.
نە چىراغ، خىسلەتلىك، پارلاق يۇلتۇزنىڭ
ئالتۇندەك نۇرلىرى يورۇتار پەقەت.

سالاپەت، خۇلقىغا يەتمەيدۇ تەسۋىر،
ھەر تالدىن ئۆزگىچە سۆيۈنەر دىللار.
سۆزلەيدۇ ئۇنتۇلغان كونا ئىشلارنى
نەقەدەر ئېسىل، دەپ، ئۆتكەن ئاي - يىللار.



## ۋالېرى (فرانسىيە)

پاۋل ۋالېرى (1871 — 1945) فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق سىمۋولىزمچى شائىرى. ئۇ 1871 - يىلى ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىدىكى سېت شەھىرىدە تاموژنا ئەمەلدارى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مونپېلىيې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىرگەن. 1894 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە «تەيستېر ئەپەندى بىلەن مۇڭدىشىش» ناملىق داڭلىق نەسرى، «داۋىنچى ئۇسۇلىغا مۇقەددىمە»، «گېرمانىيىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى»، «تىلشۇناسلىق تەھلىلى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى يىللاردا يازغان شېئىرلىرى 1920 - يىلى ئېلان قىلىنغان «كونا شېئىرلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. 1917 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ياش تەقدىر ئىلاھى» ناملىق داستانى بىلەن يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشكەن. 1921 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ساھىل قەبرىستانلىقى» دېگەن شېئىرى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.

ۋالېرى 1924 - يىلى قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە؛ 1925 - يىلى فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىگە سايلانغان؛ 1938 - يىلى دۆلەتلىك 4 - دەرىجىلىك شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1924 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە بەش توم «فېلىيەتونلار توپلىمى»نى ئېلان قىلغان. ۋالېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت دەپنىسى ئۇيۇشتۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە «ساھىل قەبرىستانلىقى»، «تۆكۈلگەن شاراب»، «ئانار» لار ئەڭ داڭلىق.



## تۆكۈلگەن شاراب
(سونېت)

بىر كۈنى، مەن دېڭىز - ئوكيانغا بېرىپ
(ئېسىمدە قالماپتۇ قايسى يەر، قاچان)،
ئاتالغان يوق — مەۋھۇم سوۋغا دەپ بىلىپ،
قىممەتلىك شارابنى تۆكتۈم شۇ ھامان.

كىم سېنى تۆكۈشكە خۇشتار، ئەي شاراب؟
قىلدىممۇ پالچىنىڭ سۆزىگە ئەمەل؟
ئەسلىتىپ قىپقىزىل قاننى دەرد - ئازاب،
تۆكتۈممۇ مەن سېنى ئەيلەپ يا بەدەل؟

زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك دېڭىزدىن شۇئان
ئۆرلەپ كۆك - ھاۋاغا لالەرەڭ تۇمان،
تىنىق سۇ قايتتى ئۆز ئەسلىگە يەنە...

دولقۇنلار مەست بولدى، يوقالدى شاراب،
زەپ چوڭقۇر بوشلۇقتا ئوبرازلار ئەنە
كۆۋەجەپ ھەر يانغا بارماقتا تاراپ.

## ئانار
(سونېت)

سەن تاشتەك چىڭ تۇرۇپ يېرىلدىڭ، ئانار،
تۇتقاچقا شۇنچىلىك پەۋەس دان - ئۇرۇق،

ئۆيلىدىم: ئوخشىغان بولمىساڭ تولۇق،
يارمايتتىڭ چىرايلىق پوستۇڭنى بىكار.

ئەي يېرىق ئانار، زەر قۇياش تېنىڭنى
هارارەت ـ تەپتىدە قىزدۇرۇپ هامان،
مۇقەددەس كۆچىنى ئەيلەپ هەم ئايان،
ياردى شۇ دۇرلارغا تولغان تېمىڭنى.

قىپقىزىل ياقۇتتەك قۇرۇق پوست ـ شۆپەك،
بىر خىل كۆچ ئۆز ئارا بولۇپ يار ـ يۆلەك،
چىقارغان چوغىمان بالىڭنى سېنىڭ.

ئوتقاشتەك يالتىراپ تۇرغان شۇ يېرىق
بەنت قىلىپ كونا چۇش، روھىمنى مېنىڭ،
ئەسلەتتى قۇرۇلماڭ — سىرىڭنى ئېنىق.





## فروست (ئامېرىكا)

روبېرت فروست (1874 — 1963) ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ داڭلىق شائىرى. ئۇ 1874 ـ يىلى سان ـ فرانسىسكودا نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى بىلەن نيۇ ـ ئىنگلاندتىكى بىر كىچىك بازارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 12 يېشىدىن باشلاپ تىرىكچىلىك يولىدا تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە يەرلىك گېزىتخانىدا مۇخبىر بولغان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئاران ئىككى يىل ئوقۇيالىغان، 25 يېشىدا كىچىك بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇرغان.

فروست ياش ـ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا شېئىرىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ئەمما، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن شېئىرلىرى ئامېرىكا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇ 35 يېشىدا خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئەنگلىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، تىجارەت قىلغاچ شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان. 1913 ـ يىلى ۋە 1914 ـ يىلى ئەنگلىيىدە «ئوغۇل بالىنىڭ ئارزۇسى»، «بوستوننىڭ شىمالى» دېگەن شېئىرلار توپلاملىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن هەم ئامېرىكا شېئىرىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ 1915 ـ يىلى ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، نيۇ ـ خېمپشىردا ئېكىنلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئاموستېر ئىنستىتۇتى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور، مەكتەپتە تۇرۇشلۇق يازغۇچى بولغان،

1924 ـ، 1931 ـ، 1937 ـ ۋە 1943 ـ يىللىرى تۆت قېتىم پۇلتىزىر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 44 ئالىي مەكتەپ ئۇنىڭغا شەرەپ ئۇنۋانى بەرگەن. ئۇنىڭ يەنە «تاغ ئارىسىدا»، «نيۇ ـ خېمپشىر»، «غەربكە ئاققان ئۆستەڭ»، «گۇۋاھچى دەرەخ»، «يەنە بىر يايلاق»، «ئورمانلىقتىكى بوشلۇقتا» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى بار.

## قارلىق تۈندە ئورمانلىقتا توختىدىم

كىم خوجايىن بۇ ئورمانغا، بىلىمەن،
ئۇ تۇرسىمۇ چەت قىشلاقتىن جاي ئېلىپ؛
كۆرەلمەيدۇ تۇرغىنىمنى بۇ يەردە
قار قاپلىغان ئورمانلىققا سەپ سېلىپ.

ھەيران قالدى بەلكىم، مېنىڭ تايچىقىم
كۆرۈنمەيدۇ بۇندا بىرەر كۈلبە، دەپ،
مېنى نېچۈن تۇرار مۇزدا، ئورماندا
بىر يىلدىكى ئەڭ قاراڭغۇ تۈندە، دەپ.

ئىغاڭلاتتى كولدۇرمىنى ئۇ يېنىك،
بىلمەك بولۇپ ئۇندا نېمە چاتاق بار.
ئورمانلاردىن قايتماس ھېچبىر ئۈن ـ سادا،
پەقەت غۇر ـ غۇر شامال چىقىپ، ياغار قار.

ئەجەب جىمجىت، سۆيۈملۈك بۇ ئورمانلىق،
ئۆز لەۋزىمدە تۇرماق لېكىن شەرت ھامان،
مەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن قەدەم سالارمەن



يەنە نۇرغۇن چەكسىز يىراق يول تامان.

## زىمىستاندا ئورمان قۇشلىرىنى ئەسلەش

يىتتى مەغرىپ بوشلۇقىدىن زەر قۇياش — پارلاق زىيا،
مۇزلىدى ئاتموسفېرانىڭ تىنىقى ئاياز ئارا،
قايتقۇچە ئۆيگە كۈمۈشتەك پارقىراق قارنى كېچىپ،
ئۇندا بىر قۇشنىڭ قونۇپ تۇرغىنىنى كۆردۈم گويا.

ياز كۈنى ئۆتسەم بۇ يەردىن ھەر قېتىم ئىلدام مېڭىپ،
باقمەن ئەتراپقا شۇئان قەدىمىم توختاپ قېلىپ:
تۇرىدۇ ئورماندا بىر قۇش زەپ يېقىملىق ئۈن بىلەن
شۇنچە تاتلىق، جەزىبدار، ياڭراق، سېھىرلىك كۈي قېتىپ.

ئەمدى بۇ ئورماندا قۇشلار ئېيتىيالماس كۈي ـ قوشاق،
چېچىلىپ ياتماقتا يەردە خەس ـ غازاڭ ھەم شاخ ـ پۇتاق.
ئۇچرىماس بۇندىن بۆلەك ھالەت ـ قىياپەتلەر ماڭا،
كۆز سېلىپ يۈرسەممۇ بۇندا ئايلىنىپ رەت ـ رەت، ئۇزاق.

بىر كىچىك تاغ ئۈستىدە تۇرماقتىمەن پەسكە قاراپ،
قەھرىتان، مۇزدەك ئېقىم يۈرمەكتە ئەتراپقا تاراپ.
قاردا يوق ھېچ ئىز، پەقەت تۇرغاي ئۇنىڭدا پاك قىرو
زەرگە زەردىن ھەل بېرىپ قويغانغا .ئوخشاش يالتىراپ.

بىر قارا مايماق سىزىق ئاسمان ئارا بولدى ئايان،
مىسلى ئۇ قالدۇق شەپەق ھەم كەچتىكى مانانىسمان

ئېسىلىپ تۇرغاي شىمال ياقتىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ؛
بىر سوغۇق يۇلتۇز شۇ پەيتتە ئالدى بوشلۇقتىن ماكان.

### ھەسرەت

«سەن بىلەن تەڭ پەرقىبقىپ ئۇچماقچى بىزمۇ، ئەي شامال!»
دەر غازاڭلار توختىماي لەيلەپ شامالدا بىمالال؛
ئۆيلىدى بىزنى تەرك ئەتمەي، تۇرۇپ قالساڭمۇ خوپ
باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇيقۇ لەشكىرى ئۆتمەي ھايال.

ئۆتۈشەر ئەركىن ئۇچۇشنى ئەيلىشىپ ئارمان ئۇلار،
بىخ سۇرۇپلا شاختا، ھەررەت كەلسە خىسلەتلىك باھار،
ئەمدى زۇلمەت تۈندە قالغان چاغدا ئىزدەر تەلمۈرۈپ،
سوقما تاملىق ھويلا، ئورمان ياكى بىر ئۆڭكۈر - كامار.

شۇ مەيىن، ئەركىن شامالغا ئەيلىمەس ھېچبىر خىتاب،
جىم تۇرار چۈشكۈنلىشىپ، تارتىپ ئېغىر ھەسرەت - ئازاب.
جۈت - قۇيۇن سوققاندا ھەر يان پىرقىراپ قايناسىمان،
كەتتى بەك تەستە پايانسىز دالىدا لەيلەپ يوقاپ.

بۇ ھەۋەس - ئارمانغا چۈمدۈم مەن نەزەر تاشلاپ ئاڭا:
شۇ غازاڭنىڭ ھۆرلۈكىدەك يەتسە بىر ھۆرلۈك ماڭا،
ئۆتمەن ئىزدەپ - قېزىپ ھېكمەت سىرىنى ھەر مىنۇت،
بېرىلىپ راھەتكە قالماستىن تۇرۇپ تەڭ يول ئارا.



## رىلكې (ئاۋستىرىيە)

رايىنېر مارىيا رىلكې (1875 — 1926) ئاۋستىرىيىنىڭ ئاتاقلىق سىمۋولىزمچى شائىرى. ئۇ 1875 - يىلى 12 - ئايدا، پراگادىكى بىر تۆمۈر يول خىزمەتچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى ۋە سودا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان، كېيىن پراگا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپە، سەنئەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە يازغان شېئىرلىرى «تۇرمۇش ۋە شېئىر»، «تەڭرى ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر»، «چۈش» قاتارلىق توپلاملارغا بۆلۈنۈپ ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1899 - يىلى «بايراقچى كىرستوف رىلكېنىڭ مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم ناخشىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمىنى ئېلان قىلىپ، ئەينى چاغدىكى ياشلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

رىلكې 1900 - يىلدىن باشلاپ، ئىتالىيە، روسىيە، فرانسىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان. بىر مەزگىل فرانسىيىدە تۇرۇپ، بودلېر، ۋېرلۈن قاتارلىق سىمۋولىزمچى شائىرلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، «رەسىملەر توپلىمى»، «تىلاۋەتنامە»، «يېڭى شېئىرلار»، «يېڭى شېئىرلارنىڭ داۋامى» قاتارلىق تۆت پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغان. 1919 - يىلى شۋېيتسارىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، «دوينو مەرسىيىسى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇزىكىلىقى كۈچلۈك، تىلى ئۆزگىچە، شەكلى مۇكەممەل بولۇپ، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## يىلپىز

— پارىژ ھايۋانات باغچىسىدا

كۆزلىرى تالدى تۆمۈر قورشاۋ - سالاسۇنغا قاراپ،
قالمىدى ھېچنەرسە ئۇندا، بولدى دىل - باغرى كاۋاپ.
تۇيۇلار يىلپىزغا باردەكلا سالاسۇنلا پەقەت،
شۇ سالاسۇن كەينىدە كەتكەن كەبى ئالەم يوقاپ.

ئايلىنار ساغلام، تېتىك، كۈچلۈك قەدەم تاشلاپ ھامان،
تار، كىچىك چەمبەر ئارا ئۇ توختىماستىن ھەر زامان.
چۆرىدەپ گوياكى بىر مەركەزنى ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
زور ئىرادە باغى شۇ مەركەزدە ئەيلەندى خازان.

گاھىدا يىلپىز كۆزىنى قويسىلا ئاستا ئېچىپ،
ئاڭا بىر مەنزىرە شۇئان «يالت» قىلىپ كىرگەي بېسىپ.
قويسا يۆتكەپ تۆت پۇتىنى شۇنچە جىددىي ھەم ئېغىر،
يىتكۈسى قەلبىگە شۇ مەنزىرە بولماستىن نېسىپ.

## ئادەملەر سۆزىدىن قورقمەن شۇنچە...

مەن ئادەملەر سۆزلىرىدىن قورقمەن شۇنچە،
قىلار ئۇلار ھېچنېمىنى قالدۇرماي بايان:
بۇ — باشلىنىش، مۇقەددىمە، ئۇ — ئاخىرلىشىش،
بۇنىڭ ئىسمى ئىت، ئاۋۇنىڭ تۇرار جاي - ماكان.



مەن قورقمەن ئەقىل - زېھىن، تاپا - تەنىدىن،
ئادەم دائىم بولماس خالىي ئۇنىڭدىن لېكىن؛
ھەيرانلىقتا سالماس بۇ تاغ ئۇلارنى ئەمدى؛
ئۇلارنىڭ باغ، مۈلكى تۇرار خۇداغا يېقىن.

تىنىم تاپماي توسۇپ دەيمەن: كېتىڭلار يىراق،
مەۋجۇداتنىڭ ناخشىسىغا شەيدا مەن قەۋەت؛
سوقۇلغاچقا سىلەر، توختاپ قالدى شۇ ناۋا،
بارلىقىمنى خانىۋەيران قىلدىڭلار ئەبەد.



## بلوك (روسىيە)

ئالېكساندر بلوك (1880 — 1921) روسىيە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مۇنەۋۋەر شائىرى. ئۇ 1880 - يىلى پېتربۇرگتا ئاقسۆڭەك زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ۋارشاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئانىسى يازغۇچى ئىدى. ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەچكە، بلوكنىڭ بالىلىق دەۋرى بوۋىسى (پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بېكتوف)نىڭ ئۆيىدە ئۆتكەن. ئۇ 1906 - يىلى پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1897 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، روسىيە سىمۋولىزم ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ۋەكىللىك شەخسكە ئايلانغان. 1904 - يىلى «پەرىزات شېئىرلىرى»، 1906 - يىلى «كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق» دېگەن شېئىرلار توپلاملىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ تۇنجى توپلىمىدىكى شېئىرلار ھەسرەت - نادامەت ۋە رېئاللىققا بولغان نارازىلىق ھېسسىياتىغا تولغان بولۇپ، قويۇق مىستىتسىزملىق ۋە رومانتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ كېيىنكىسىدە بىر سىمۋولىزمچى شائىرنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان خۇشاللىقى، قايغۇسى ئىپادىلىنىپ، شائىرنى يۈكسەك شان - شەرەپكە ئىگە قىلغان. ئۇ 1916 - يىلى چار پادىشاھ قوشۇنىدا خىزمەت ئۆتىگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشقان. 1918 - يىلى داڭلىق داستانى «ئون ئىككى» نى يېزىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.



بلوك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، گوركىي ئۇنى «چەكسىز سەمىمىي شائىر» دەپ ماختىغان، ماياكوۋسكىي: «ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى — مۇكەممەل بىر شېئىرىيەت دەۋرى. يۈكسەك شان - شەرەپكە ئىگە بۇ سىمۋولىزمچى ئۇستاز ھازىرقى زامان شېئىرىيەتكە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن» دېگەن. ئۇنىڭ يەنە «ئىتالىيە شېئىرلىرى»، «قارلىق دالا»، «ۋەتىنىم»، «قىساس» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى بار.

### يىراقتىن گۈركىرەپ ئۇرۇۋلار شامال

باھارنىڭ كۈيىنى كېلىدۇ ئېلىپ،
يىراقتىن گۈركىرەپ ئۇرۇلۇپ شامال.
كۆرۈنەر كۆزلەرگە نۇرلۇق ھەم تېرەن
بوشلۇقتا بىر يۇلتۇز ئېچىپ يۈز - جامال.

بۇ چەكسىز زەڭگەررەڭ تىنىق ئاسماندا
يۇلتۇزنىڭ چۈشلىرى يۇرمەكتە ئويناپ.
باھارنىڭ شەپىسى كەلگەن زۇلمەتتە
ئايازنىڭ بورىنى ھۆكۈرەيدۇ يىغلاپ.

سازىمنىڭ تارىمۇ يىغلار ھەسرەتتە
ئەيمىنىپ، ئەلەمدە ئاستا ئۈن سېلىپ.
يىراقتىن گۈركىرەپ ئۇرۇلۇپ شامال،
جاراڭلىق ناخشاڭنى كېلىدۇ ئېلىپ.

## كىردىڭ كەچكى شەپەق سۈيگەن گۈگۈمغا

كىردىڭ كەچكى شەپەق سۈيگەن گۈگۈمغا،
مەپتۇن قىلدى سېنى نۇرلار ھالقىسى.
مەن ئاڭلىغان يېنىك ئەكس سادانى،
يىراقلاردىن كېلەر ئاياغ تىۋىشى.

گاھى يېقىن، گاھى يىراق تۇرىسەن،
ياكى شۇنداق بوشلۇقلاردا يىتەمسەن؟
بۇ شاۋقۇنلار ئىچىدىكى سۈكۈتتە
ئويلىمىغان ئۇچرىشىشنى كۈتەمسەن؟

كەلگەن ئاياغ تىۋىشلىرى جىمىلىقتا
كېتەر بەكمۇ يىراقلارغا تېز تاراپ.
چىققانمىدىڭ ھاياجانغا ئوت يېقىپ،
سانسىز نۇرلار ھالقىسىنى سەن ياساپ؟

## قاغجىرىغان كۈز پەسلىدە...

قاغجىرىغان كۈز پەسلىدە مەن ھامان
يەنە ئاشۇ يەرگە بېرىپ تۇرارمەن،
باھاردىكى خۇرسىنىشنى ياد ئېتىپ،
بۇرۇنقى شۇ مەنزىرىگە قارارمەن.

مەن كېلىمەن قايتا ئەمدى تۆكمەي ياش،
ياد ئەتكەندە خىجىللىقتا چۆممەي ھەم.



باش كۈز پەيتى تاڭدا كۈلگەن شەپەقنى
قارشى ئالار ئوتلۇق ناخشام - قەسىدەم.

دەردلىك دىلنى ئەسىر ئەيلەر غەپلەتكە
ئاي - يىللارنىڭ غالجىرلاشقان پەرمانى.
قالدىم ھېرىپ، ئەمدى ساڭا ئاڭلانماس
يۈرىكىمنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەپغانى.

كۆر، بۇ يالقۇن — ئۆتمۈشتىكى چۈش، خىيال
نۇرسىز كۆزنى قىلسۇن قانداق نۇرغا يار؟
كۆر، بۇ كۈندۈز — غەپلەت باسقان دىللاردا
كېچىدىنمۇ بەتتەر قارا زۇلمەت بار.

## ھەسرەت بىلەن سېنى دەپنە ئەيلىدىم

ھەسرەت بىلەن دەپنە ئەيلەپ مەن سېنى،
تىكتىم سەر خىل گۈل قەبرەڭگە ئاۋايلاپ.
گاھ كۆرۈنسە، گاھ يىتىدۇ سىيمايىڭ،
زەڭگەر كۆكتە ياڭراق كۈلكەڭ جاراڭلاپ.

سەجدە قىلدىم يۇرتىنىڭ تۇپراق - خاكىغا،
خىيالىمدا كەتسەم دەيمەن سەن بىلەن.
چاقچاقلىرىڭ ئويىنار قۇلاق تۈۋىمدە
يۇتۇپ ھەسرەت دۇئا قىلغان دەمدە مەن.

ئورۇنسىز ياش تۆكتۈم دەپنە كۈنۈڭدە،

كۆلكەڭ ياڭراپ تۇرسا گاھى شاد ـ خۇرام.
ئېچىلغىنى كۆركەم قەبرەڭ بېشىدا
گۈللەر ئەمەس، بەلكى ئوتلۇق سۆز ـ كالام.





## گۇمىليوف (روسىيە)

نىكولاي گۇمىليوف (1886 — 1921) روسىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، ئەدەبىي ئوبزورچىسى، مودېرنىزم شېئىرىيەت ئېقىمى — ئاكمېئىزم (يۇكسەك چوققا) نىڭ پېشۋاسى. ئۇ 1886 ـ يىلى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ ـ پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، فرانسىيىدە ئوقۇغان. ئەنگلىيە، ئىتالىيىلەرگە بارغان ھەم ئافرىقىنى ئۈچ قېتىم ساياھەت قىلغان. 1909 ـ يىلى «ئاپوللو» ژۇرنىلىنى چىقارغان، ئاكمېئىزمنى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، روسىيە سىمۋولىزم شېئىرىيىتىنى زور كۈچ بىلەن يېڭىلىغان.

گۇمىليوف 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چار پادىشاھ ئارمىيىسىدە پىدائىي بولغان ھەم ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 1918 ـ يىلى گوركىي رەھبەرلىكىدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1921 ـ يىلى روسىيە شائىرلار جەمئىيىتى پېتروگراد شۆبىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشۋىقات ۋاراقچىسى يېزىش ئىشلىرىغا چېتىلىپ قېلىپ ئېتىۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىش چەكلەنگەن. 1986 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شېئىرلىرى قايتا ئېلان قىلىنغان.

گۇمىليوف سەككىز يېشىدا شېئىر يېزىشنى باشلاپ، 16 يېشىدا تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغان، 19 يېشىدا تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «بويسۇندۇرغۇچىنىڭ يولى» نى نەشر قىلدۇرغان. كېيىنچە «مەرۋايىت»، «چېدىر»، «گۈلخان» قاتارلىق ئالتە

شېئىرلار توپلىمى، «پالما دەرىخىنىڭ سايىسى»، «ھەربىي ئاكا - ئۇكىلار»، «زەھەرلىك كىيىم»، «شېئىرنىڭ جېنى»، «سىمۋولىزمنىڭ مىراسى ۋە ئاكمېئىزم» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكايە، نەسر، دراما، ئەدەبىي ئوبزور، ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازغان.

## ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، ئەيلەپ تەبەسسۇم
ھېس قىلدى: كەلمەكتە ئەجەلدىن ئەسەر،
تامدىكى قەغەز گۈل، ئاسما گىلەمگە
تاشلىدى ئاداققى قېتىم بىر نەزەر.

نۇقۇتتەك كىچىك بىر قىزىل كۇمۇلاچ
سىلىندى جامدىكى شارابقا شۇ دەم،
گىلاسنىڭ ياقۇتتەك سۇزۇك يۇمران لەۋ
بەخۇۋاشلىق تۇپەيلى بولدى مەيدە نەم.

قىپقىزىل داغلارغا بوشاتتى ئورۇن
تاتارغان يۈز - چىراي چۈمۈلۈپ تەرگە،
ئۇسسۇلغا چۈشكەن بىر ئاجايىپ قامەت
مىسالى تولغىنىپ يىقىلدى يەرگە.

دۇنياغا ناتونۇش بولغان بىر سادا
ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن كەلدى تېز ئۇچۇپ،



تىترىگەن قول پات - پات بويۇندىكى شۇ
مەرۋايىت مارجاننى باقىدۇ تۇتۇپ.

ئۇ، گىلەم ئۈستىدە ئاق كەپتەر كەبى
تىركىشەر ئەلەمدە چېكىپ ئىزتىراپ،
زەھەرگە تويۇنغان زەردەك مەي بىراق
ئېگىز جام ئىچىدە تۇرار يالتىراپ.

## ۋەسىيەت

مېھرىگە كۆڭلۈمنى مەپتۇن ئەيلىدى تۇرمۇش - ھايات،
قاپقارا زۇلمەتتە كۇل بولماق مېنىڭ مەيلىمگە يات،
قايتىمىسام كۆپ يىل جۇدا بولغان ۋەتەننىڭ قوينىغا،
كۆمىسە جىمجىت، تېرەن يەرگە مېنى بولسام ۋاپات.

تاغدىكى كۆل ئۈستىگە يايغاندا گۈگۈم — تۇن ئېتەك،
ئاچ قىزىل مانان بىلەن تاپسا ئېگىز بوشلۇق بېزەك،
ئۇندا ياش، كەسكىن كاھىنلار شاخ - چىۋىق، ياپراقنى ھەم
ئەيلىشىپ نۇرلۇق، بۈيۈك گۈلخان ئۈچۈن سەر خىل تېرەك

قويسا مۇردامغا — كېپەنلىك ئۈستىگە قىلماي زەرەر،
بىلدۈرۈپ ھۆرمەت، مېنى گويا بىلىپ يۈكسەك پەدەر،
شۇندا مەن ئاخىرقى كارۋات ئۈستىدە پىنھان كۈلۈپ،
يەر - زېمىنگە چوققىلاردىن تاشلىسام دەيمەن نەزەر.

كەچقۇرۇن پەيتى شەپەقنىڭ سۇس نۇرى ئەيلەپ جۇلا،
ئەمدىلا چۈشكەندە مەرمەر تاشقا — شۇ توسما ئارا،
تارقىسا كۆيگەن دېڭىزقايدىن جاھانغا خۇشپۇراق،
ئۆلگىيىپ دىللارنى تەگسىز ئويغا يار قىلغان لاۋا.

ئوت بىلەن مۇردام قويۇلغان سال نىشان مەنزىل تامان
تەۋرىنىپ نازۇك ـ مەيىن لەيلەپ ئۈزۈپ ماڭغان ھامان،
نەي سۇكۇتلۇك تۈننى ئەتسۇن دەرت ـ ئەلەمگە مۇپتىلا،
زەر، كۈمۈش جاڭدىن چىقىپ تۇرسۇن ئازابلىق كۈي ـ پىغان.

سۇر ـ ۋەھىمە قاپلىغان ئورماندىكى جىندەك گويا،
چاچقۇسى قايتا ھايات ـ ئۆمرۈم مېنىڭ يارقىن جۇلا،
چۈنكى دىلنى لەرزىگە سالغان لەزىز ـ تاتلىق سۆيۈش
قىلغۇسى جىسمىمنى جىملىق ئىلكىدىن ئازاد ـ جۇدا.

پۇت ـ قولۇمغا تولمىغان چاغدا ئاجايىپ كۈچ ـ ماجال،
مېنى يوق قىلغىن ۋە ياكى ئىرغىتىپ جەننەتكە سال،
مەن يەنە ئاخىرقى رەت كۆيمەكچى ئۆمرۈمنىڭ ئۇلۇغ
يانغىنىدا، ئەھلى دۇنيانى ئېتىپ مەستانە ـ لال.



## مىسترال (چىلى)

گابرېلا مىسترال (1889 — 1957) چىلىنىڭ ئاتاقلىق ئايال شائىرى. ئۇ 1889 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، چىلى پايتەختى سانتىياگونىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر كىچىك بازاردا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى لۇشىلا گادوي ئالكاياگا بولۇپ، فرانسىيىلىك شائىر فرېدېرىك مىسترال بىلەن ئىتالىيىلىك شائىر گابرېلا دېيىنانزىئونىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان.

مىسترال ئۈچ ياش ۋاقتىدا دادىسى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ناھايىتى غورىبەتچىلىكتە ياشاپ، مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن. بەختكە يارىشا، ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان دادا بىر، ئانا باشقا ئاچىسى ئېمېلىنا مىسترالغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ، ئاچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مائارىپقا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، 1905 ـ يىلى يېزىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىنچە قىسقا مۇددەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىدا ئوقۇپ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1914 ـ يىلى سانتىياگودا ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرىيەت مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ «ئۆلۈم سونېتلىرى» ناملىق شېئىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئىسلاھاتلىرى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، نامى چەت ئەللەرگىمۇ تاراپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مېكسىكا ھۆكۈمىتى مىسترالنى دۆلىتىدە مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان. ئۇ 1922 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى —

«ئۈمىدسىزلىك» نى ئېلان قىلغان.

شائىر 1924 - يىلى مېكسىكىدىكى مائارىپ ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە ئامېرىكا ۋە ياۋروپانى زىيارەت قىلغان. 1925 - يىلى چىلىگە قايتىپ كېلىپ، ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئىلگىرى - كېيىن، چىلىنىڭ ئىتالىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، برىيۇسسېل، ئامېرىكىدىكى كونسۇلخانىلىرىدا كونسۇل ۋە چىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى بولغان. 1945 - يىلى، «كۈچلۈك ھېسسىياتقا باي شېئىرلىرى ئۇنىڭ نامىنى پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىدىكى غايىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرغان» لىقى ئۈچۈن، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مىسترالنىڭ يەنە «يۇمران سۆيگۈ»، «ئۈزۈم ئېزىش ماشىنىسى»، « تىكەنلىك دەرەخ»، «ئانىنىڭ شېئىرى»، «ئاق بۇلۇت»، «چىلى سۈرەتلىرى» ناملىق بىر قانچە شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىنغان.

## كېلەچەك

زىمىستاننىڭ جۇدۇن - چاپقۇنى
دىلخانەمگە يەتكۈزدى زەرەر.
ناخشا، قۇياش نۇرلىرى ماڭا
ئېلىپ كېلەر جاراھەت — خەتەر.

شالاڭ ئۆسكەن تال - تال چاچلىرىم
بەردى ماڭا ھارغىن بىر سىياق.
ئەيلەر خاراب ھاياتىمنى ھەم
ۋىئولېتتىن چىققان خۇشپۇراق!



چېكىسىنى ئەزىز ئانامنىڭ
تۇرار قات - قات تۇپلار بېسىپ.
ماڭا ئەمدى زەر چاچلىق بالا
بۇ دۇنيادا بولمايدۇ نېسىپ.

قارىمايمەن ئېتىمىزغا، كۆككە،
قەبرىلەرگە يەتمىسۇن مالال.
ئۆلۈكلەرنى قىلسام بىئارام،
ئەقلىم جەزمەن تاپىدۇ زاۋال.

تەشنالىقتا كۆتكەن ئادىمىم
بولدى نەۋاق كۆزۈمدىن يىراق،
ئىزدىسەممۇ جەننەتكە كىرىپ،
يېتەلمەسمەن ۋىسالغا بىراق.

## قەلب ساداسى

قىسمىغىن ئانچىلا قولۇمنى قاتتىق،
كۆز يۇمۇش دەملىرى كېلىدۇ ھامان،
قاپلىغاي كىرىشكەن قوللارنى تامام
قارا داغ، بىر قەۋەت قېلىن چاڭ - توزان.

ئېھتىمال، سەن دەرسەن كەلگەندە شۇ پەيت:
«قالمىدى سۆيگۈمدىن نېسىۋە ئاڭا،
سەۋەبى، قولىنىڭ بارمىقى ئۇنىڭ

دېنى يوق باشاقتەك كۆرۈنەر ماڭا.»

بولدىلا، سەن مېنى قويمىغىن سۆيۈپ،
شۇ نۇرسىز مىنۇتلار كېلىدۇ هامان.
زەي تۇپراق ئۈستىدە قالمايدۇ پەقەت
سەن سۆيمەك بولغان جۈپ لېۋىمدىن نىشان.

ئېهتىمال، دەرسەن: «مەن سۆيگەن راست ئۇنى،
يوق ئەمدى قەلبىمدە مۇهەببەت ـ پىراق،
قالمىدى ئۇنىڭدا چۈنكى قىلچىلىك
قاراغان گۈلىدەك سېھىر ـ خۇشپۇراق.»

ئۇچۇردى سۆزلىرىڭ كەيپىمنى ئەجەب،
كاپشىسەن دەقىقە قالماستىن تۇرۇپ.
سۆزۈڭچە، سىيلىماق پوپتىمەن سېنىڭ
چېكەڭنى، بارمىقىم كەتسىمۇ سۇنۇپ،
يۈزۈڭدە ئوينارمىش ئوتلۇق لەۋلىرىم،
سەن ئۇچۇن قەلبىمدە سۆيگۈم جۇش ئۇرۇپ.

ئاۋارە بولما سەن پەپىلەپ مېنى.
مەن شادلىق ئىلكىدە ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
لېۋىمدىن تامدۇرۇپ لېۋىڭگە شەربەت،
دېگەن راست سېنىڭسىز هاياتىم چاتاق.
بىلىپ قال، ئاشۇ چاغ ئالدىدىم سېنى
ئەركىلەپ كۆزۈڭگە كۆرۈنۈپ ئوماق،
گوللىنىپ سەن گويا سەبىي بالىدەك،



تەلەيگە يار مەن، دەپ ئويلىغان بىراق.

ئەمەستۇر مەندىكى مۇهەببەت چۈنكى
چارچىغان، جانسىز بۇ بەدەنلا پەقەت،
تىترەپ ئۇ زاهىدلىق تونىدا، مېنى
يار قىلماس كۆكتە پەر قېقىشقا ئەبەد.

سۆيۈشنىڭ مەنىسى — تەن، ئەمەستۇر لەۋ،
يۈرەكتىن چىقمىغان شۇ ياڭراق سادا.
ئۇ، قادىر ئۈتۈشكە جىسمىمنى تېشىپ،
ئۇ، ئۇچقۇر شامالدۇر، ئىگىسى خۇدا!

## نومۇس قىلىش

سەن ناۋادا بىر مەهەل تاشلاپ نەزەر تۇرساڭ ماڭا،
كۆرۈنەرمەن چىمدىكى شەبنەم كەبى ئۇز، پاك ساڭا.
روهلىنىپ بارسام قومۇشلۇق ئالدىغا — ساهىلغا مەن،
تۇيۇلارمەن بىر يوچۇن ئادەم سىياق گويا ئاڭا.

مەندە بار مايماق ئېغىز، كەمتۈك يەنە قىلغان گېپىم،
پۇتلىرىم سەت، ئاھ، نومۇسنىڭ دەردىدىن يوقتۇر ئېسىم.
سەن كۆرۈپ بۇ دەم مېنى، يۈز ـ كۆزلىرىڭنى بىرمۇ بىر
سىيلىدىڭ ئالدىمدىلا، هالىمغا بەك ئاغرار ئىچىم.

سەن چوقۇم بايقاپ قالارسەن: سۇبھىدەم يوللار ئارا
يوق بىرەر تال تاشمۇ مەندەك بۇنچىلىك نۇرسىز، غۇۋا،

چۈنكى، سەن ئاڭلاپ سېھىرلىك كۆيلىرىمنى شۇ ھامان
زوق ـ ھەۋەس بىرلە نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قالدىڭ ماڭا.

بولمىسۇن تۈز يولدا ماڭغان ئەلگە ھېس ـ تۇيغۇم ئايان،
مەن ئۆتەي شۇڭغۇپ سۈكۈتلەر قوينىغا سۈرمەي زۇۋان،
بۇ بەخت ـ ئامەت قوپال ماڭلايدا پارلاپ ـ نۇر چېچىپ،
قوللىرىمدا سىلكىنىپ تۇرسۇن مۇشۇنداق ھەر زامان...

تۈن ئۆزۈن، شەبنەم گىياھلار ئۈستىگە چۈشكەي ھامان،
زەن سېلىپ چېھرىمگە، سۆيگۈ سىرلىرىڭنى قىل بايان.
ئايلىنار چەكسىز چىرايلىق قىزغا سەن سۆيگەن كىشى
بارسا ئەتە شۇ قومۇشلۇق ئالدىغا — ساھىل تامان!





## يېسېنىن (روسىيە)

سېرگېي يېسېنىن (1895 — 1925) روسىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1895 ـ يىلى رەزان ئوبلاستىنىڭ كونستانتىنىنو (ھازىرقى يېسېنىنو) دېگەن يېزىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1912 ـ يىلى مىسسىئونېرلار دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، موسكۋادىكى بىر باسما زاۋۇتتا كوررېكتورلۇق قىلغان، 1916 ـ يىلى ئەسكەر بولغان، 1917 ـ يىلدىكى روسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن ھەربىي قىسمىدىن ئايرىلىپ، سول قانات سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ جەڭگىۋار ئەترىتىگە كىرگەن، 1916 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «قەبرە سۆپۈرۈش بايرىمى»نى ئېلان قىلغان.

يېسېنىن روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابنىڭ داھىسىنى مەدھىيىلەيدىغان «يولداش»، «كائىناتنىڭ دۇمباقچىسى»، «لېنىن»، «زېمىن كاپىتانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. 1921 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئۇسسۇلچى دونكان بىلەن توي قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، دوكان بىلەن بىللە ئامېرىكا، ياۋروپا ئەللىرىنى ساياھەت قىلغان. 1924 ـ يىلى دونكاندىن ئايرىلىپ كېتىپ، 1925 ـ يىلى لېف تولستوينىڭ نەۋرە قىزى سوفىيە بىلەن توي قىلغان. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، روھىي جەھەتتىكى دەرد ـ ئەلەم، ھېسسىيات جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئىچىدە لېنىنگرادتىكى بىر مېھمانخانىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان.

يېسېنىن قىسقىغىنە ئىجادىي ھاياتىدا 400 دىن ئارتۇق شېئىر، ئون نەچچە داستان، ئىككى شېئىرىي دراما، بىر قىسىم ئىلمىي

ماقالە، نەسر، ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە «ئىت ئاخشىمى»، «سوۋېت روسىيىسى»، «پارس لىرىكىلىرى» قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

## قەبرىستانلىقتا مەرھۇمنى خاتىرىلەش

ئۇ، سۆگەت ئاستىدا — ئاددىي قەبرىدە
ئۇخلايدۇ مەڭگۈلۈك كۆزىنى يۇمۇپ،
پاك قەلب، مۇقەددەس سۆيگۈ - ھېسسىيات،
چوغسىمان شەپەقتەك ئىشەنچكە تولۇپ.

لەززەتلىك بەختنىڭ يالقۇنى ئۆچۈپ،
زۇلمەتنىڭ پەردىسى يېپىلدى ھەر يان.
يەر - زېمىن ئۈستۈرگەن دەردمەن قەلبى ھەم
ئائەبەد ھېچ كىشى چۈشەنمەيدىغان
ماڭلايغا شۇ زۇلمەت بولدى شاھ - سۇلتان.

ئۇ ئۇخلار، ئۇستىگە تاشلار شاخ - پۇتاق
مۇبارەك قەددىنى پۈكۈپ ئاق تال،
بىلدۇرەر ھەم گويا چوڭقۇر تەزىيە
چىرمىشىپ ئۇنىڭغا قايغۇلۇق خىيال.

شاماللار ھەسرەتنى كېلىدۇ ئېلىپ،
بۇلۇتلۇق يىراق يەر چېكەر تىنچ پىراق.
لېكىن، بار ئىنسانلار كۆرۈنمەس گويا
نامرات، ياش مەرھۇمغا ئېچىنغان سىياق.



## ئىنەك

زەئىپلەشتى، چىشلىرىمۇ چۈشتى ھەم،
مۇڭگۈزىدە بار يىللاردىن قالغان ئىز.
قوپال چوپان مال باققاندا ئۇتلاقتا،
دۇمبالىغان ئۇنى ھەددى - ھېسابسىز.

شاۋقۇن - سۈرەن مالال ئەيلەر كۆڭلىنى،
مۇڭگۈزىگە بەرمەس چاشقان ئارامىلىق.
ئۇ، ئەسلەيدۇ ئاق تۇياقلىق موزاينى
چۆكۈپ ھەسرەت دېڭىزىغا داۋاملىق.

ئۆز ئوغلىنى ئېلىپ كەتسە يېنىدىن،
تۇغۇلغىنىدىن بولسۇن قانداق شاد - خۇشال؟
ئۇ، باغلاقلىق تۇرار تېرەك ئاستىدا،
سانجىلماقتا تېرىسىگە جۇت — شامال.

پات يېقىندا سورۇلغاندا بۇغدايلار،
تەقدىر — كونى ئوخشاش بولۇر ئوغلىغا:
قۇشخانىغا يوللاپ بېرەر ئۇنىمۇ
سېلىپ خەقلەر ئارغامچىنى بوينىغا.

ئىنەك ھەسرەت يۇتۇپ، ئەيلەپ پۇشايمان،
مۇڭگۈزىدە تىلغايدۇ لاي تۇپراقنى. . .
چۈشلىرىدە كۆرەر ئاپئاق ئورمان ھەم

يېشىللىققا تولغان ئەلۋەك يايلاقنى.

## مەن سەھرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى

— مالىيىنگوفقا بېغىشلايمەن

مەن سەھرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى،
قاتتىم ياغاچ كۆۋرۈكلەرگە كۈي - غەزەل.
خوش ھىد چاچار كۆيگەن قېيىن ياپرىقى،
خوشلىشىشنى تۇردۇم تىلەپ بىرمەھەل.

تەن - ۋۇجۇدتىن يۇتۇپ چىققان شام - چىراغ
يوتەر كۆزدىن، بولۇپ زەردەك ئۇتقا يەم.
ئاي گويا بىر جانسىز ئاسما سائەتتەك،
داڭ ئۇرىدۇ دەل ئون ئىككەم بولغان دەم.

پولات مېھمان قەدەم باسار شۇنچە تېز
ئېتىزدىكى زەڭگەر چىغىر يوللارغا.
شەپەق نۇرى باغاش ئەتكەن بۇغدايلار
يىغىلىدۇ قارا ئالقان - قوللارغا.

جانسىز، غەيرىي قوللار، تىلغا ئالماسمەن
نامىڭلارنى ئەسلا نەزمە - كۈي قېتىپ!
پەقەت ئايغىر كەبى بۇغداي دولقۇنى
تۇرار كونا خوجايىننى ياد ئېتىپ.



ئۆتكۈزمەكتە بەزمە سوغۇق شاماللار،
باشاقلارنى شورار ئاخىر ئەيلەپ يەم.
ئەشۇ جانسىز ئاسما سائەت ھايالسىز
داڭ ئۇرىدۇ دەل ئون ئىككەم بولغان دەم!



## سۇستېر (كانادا)

رايموند سۇستېر (1921 —) كانادانىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئاتاقلىق شائىرى. ئۇ 1921 - يىلى تورونتودا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى تورونتو ھەققىدە يېزىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «تورونتو شائىرى» دەپ ئاتىغان.

سۇستېر ئىزچىل تۈردە 40 نەچچە يىل تورونتودىكى ئىمپېرىيە بانكىسىدا خىزمەت قىلغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كانادا خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىدە تۆت يىل ھەربىي بولغان. 1966 - يىلى كانادا «شائىرلار ئىتتىپاقى»نى قۇرغان ھەم ئۇنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە سايلانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئالتە توم «سۇستېر شېئىرلىرى» نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئىشتىياق بىلەن شېئىر يېزىپ، ھەر يىلى نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ تۇرماقتا.

### ھېچ بولمىسا قالسۇن ماڭا ساقلىنىپ

ھېچ بولمىسا قالسۇن ماڭا ساقلىنىپ
تۇنۇگۈنكى زەررە دادىل ئارمانلار.
ھەر بىر كۈننىڭ باشلانمىسى شۇندىلا
شەپەقسىمان پارلاقلىقتا بولغاي يار.

ئۇنۇتماستىن، ئۈزىغاندا تاڭ سەھەر،
شەبنەملەرگە قاراپ باققىن زەن سېلىپ.



ئۇ، قايتىدىن تۇنۇگۈنكى قەسىدە
كەبى ئېسىل - سەرخىللىقتىن تۇس ئېلىپ،
ئويغانماقچى بولغان چەكسىز دۇنياغا
تېتىتامدۇ - يوق ئۆزگە تەم، باق بىلىپ.

### قۇش ناۋاسى

تۇردىمۇ بىر قۇش قويۇق، چەكسىز دەرەخ - ئورمان ئارا،
ۋە لېكىن ئۇ مەن ئۈچۈن زوق - شوق بىلەن قىلماس ناۋا.

چاقىرار يېڭى تونۇشقان يارىنى تاپماي تىنىم،
ئولتۇرار يارى ئېگىز شاختا زۇۋان سۈرمەيلا جىم.

قەلبىدە بولسا ئەگەر قايناق مۇھەببەت - ھېسسىيات،
يارى ئۆزخۇلقى بىلەن قىلغاي ئۇنىڭغا ئىلتىپات.

گەپ ئەمەس تىلدا، پەقەت ساپ - بىغۇبار دىلدا غۇرۇر
جوش ئۇرۇپ، ئالەمنى قايىل ئەيلىگەن كۈيدە ئېرۇر.

بىز تۇرارمىز نەۋ باھار پەسلى ئۈمىدكە چۆمۈلۈپ،
قۇشقا ئوخشاش يار ۋىسالى — سۆيگۈسىگە تەلمۈرۈپ.

بولسىمۇ شائىر - غەزەلخان نەزمىسى شۇنچە ئېسىل،
قۇش ناۋاسىغا سېلىشتۇرغاندا بەك بولغاي خىجىل.

## سىمبورسكا (پولشا)

ۋىسلاۋا سىمبورسكا (1923 — ) پولشانىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئايال شائىرى. ئۇ 1923 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، پوزنان ئۆلكىسىدىكى كۆرنىكنىڭ بۇنىن كەنتىدە كىچىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 - يىلى ئائىلىسى بىلەن كراكوۋغا كۆچۈپ كەلگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يەر ئاستى مەكتەپتە ئوقۇپ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۆمۈر يول تارماقلىرىدا خىزمەت قىلغان. 1945 - يىلى پولشا ئازاد بولغاندا، كراكوۋدىكى ياگاۋو ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، پولشا ئەدەبىياتى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. شۇ چاغلاردا شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ، «پولشا گېزىتى» دە تۇنجى شېئىرى — «سۆز ئىزدەش» نى ئېلان قىلغان ھەم شۇ يىلى پولشا يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان.

سىمبورسكا 1952 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «بىز نېمىشقا تۇرىمىز ھايات» نى نەشىر قىلدۇرغان. 1953 - يىلى «ئەدەبىي تۇرمۇش» مەجمۇئەسىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەنىڭ شېئىرىيەت بۆلۈمىدە 20 نەچچە يىل ئىشلىگەن ھەم «ئەدەبىي تۇرمۇش» نىڭ «دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇق» ستونىغا ئوبزور - ماقالىلەرنى يېزىپ بەرگەن. 1954 - يىلى ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى — «ئۆزۈمگە سوئال» نى ئېلان قىلىپ، شۇ يىللىق كراكوۋ شەھەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1955 - يىلى «مۇنەۋۋەر تۆھپىكارلار ئالتۇن مېدالى» ئالغان.

سىمبورسكا 1956 - يىلدىن كېيىن «قار بوۋاينى چاقىرىش»، «تۇز»، «يۈز خىل ھۇزۇر»، «ھەر قانداق ئەھۋال»، «غايەت زور سان»، «كۆۋرۈكتىكى ئادەم»، «ئاخىرلىشىش ۋە باشلىنىش» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى ئېلان قىلغان. 1963 - يىلى پولشا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تارقاتقان 2 - دەرىجىلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا؛ 1991 - يىلى گېرمانىيە گيوتې مۇكاپاتىغا؛ 1995 - يىلى ھېردېر مۇكاپاتىغا؛ 1996 - يىلى پولشا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ شېئىرىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1995 - يىلى پوزناندىكى مىسكېۋىچ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا «پەخرىي دوكتور» دەپ نام بەرگەن. 1996 - يىلى، «ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇپەسسەل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنياسى تارىخشۇناسلىق ۋە بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆرسىتىلگەن» لىكى ئۈچۈن، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

### مەھبۇب

بۇندا ھۆكۈم سۈرۈپ ئېغىر سۈكۈنات،
ئاخلانماقتا تۇنۇگۈنكى كۈي - ناۋا:
«سەن چىق تاغقا، مەن دەرياغا يول ئالاي.»
لېكىن ئەسلا ئىشەنمەيمىز بىز ئاڭا.

بەدەل ئەمەس بولغىنىمىز ئاقكۆڭۈل،
ئەمەس دەردنىڭ نىقابى ھەم كۈلكىمىز،
كائىناتتىن چەكسىز ئۇنىڭ مەنىسى.
سۆيگۈسىزگە ئاغرىيدۇ بەك ئىچىمىز.

بولدۇق شادلىق، قورقۇش ئارا مەستانە،
بىز قالمايمىز ھېچبىر ئىشقا ھەيرەتتە،

جۇدۇنلاردا ئەيلەپ پەرۋاز كېپىنەك،
ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنسىمۇ زۇلمەتتە.

غەرق بولغان دەمدە ئېغىر ئويقۇغا،
چۈشىمىزدە كۆردۇق ھىجران - ھەسرەتنى.
لېكىن بۇ بىر خاسىيەتلىك چۈش ئۆزى،
لېكىن بۇ بىر خاسىيەتلىك چۈش ئۆزى،
سەگەكلەشتۇق چۈنكى سورۇپ غەپلەتنى.

## تومۇز كېچىسىدىكى چۈش

ئورمانلار ئوتقاشتەك تۇرماقتا پارلاپ،
بولدى قىل، يېقىنلاپ كەلمىگىن ماڭا.
ئەي ساددا، ئەخمەق قىز، دۇنيا بىلەن مەن
بولدۇم بىر تەن، شېرىك، نەپەسداش مانا!

نېسۋە ئالدىم كۆپ ئاچچىق - چۈچۈكتىن،
يولۇقتۇم دەھشەتلىك دولقۇن، بورانغا.
شۇڭلاشقا ھەزەر قىل مەندىن، كەت نېرى!
ئېتىۋال كۆزۈڭنى - باقما جاھانغا.

كەت! لېكىن بارمىغىن قۇرۇقلۇق تامان،
ئۈز سۇدا! بارمىغىن دېڭىزغا يىراق.
ئۇچۇپ كەت! ئۇچۇپ كەت، ئەي سۆيۈملۈكۈم،
پايانسىز بوشلۇقتىن تۇر ئەمما يىراق.



كۆزلەرنى ئاچماستىن قارايمىز ئۇدۇل،
يۇمۇلغان لەۋلەردە سۆھبەتلەر داۋام.
تۇرىمىز ئۆزئارا ئېتىشىپ باغاش
بولسىمۇ ئارىدا ئېگىز، قېلىن تام.

ئەمەسمىز ئۇنچىلا كۈلكىلىك بىر جۈپ،
پارلايدۇ تولۇنئاي ئورنىدا ئورمان.
يەلپۈندى يارىڭىنىڭ رادىئوئاكتىپلىق
چاپىنى، گۈركىرەپ شىددەتلىك بوران!

## نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

دەستەك قىلىپ خىيالىي، ئەڭ قەدىمىي ھوقۇقنى،
ئۆلۈكلەرنى ئۆمرۈمدە چاقىرىدىمەن تۇنجى رەت،
چىرايىنى ئىزدەيمەن تىڭشاپ ئاياغ تىۋىشىن،
كۆز يۇمغىنى ئۇلارنىڭ بولسىمۇ راست - ھەقىقەت.

دەيمەن بەزەن ئۇنىڭغا قۇچاقلاپ چىڭ بېشىمنى:
— ئەي بىچارە يورىك، سەن تۇرۇپ سادداھەم نادان،
يەمىسىز، ياۋاش، ئاقكۆڭۈل، جىنايەتسىز - بىگۇمان،
سىناقلاردىن ئۆتكەن ۋە سىنالمىغان ھېچقاچان
ھەقىقەتنىڭ ئىچىدە تۇتالايسەن قانداقچە
روھىڭدىكى تەڭپۇڭلۇق، مۇقىملىقنى تىنچ - ئامان؟

ئىشىنەتتىم ئىلگىرى ساتقىن دېسە ئۇلارنى،
ئۇندىن بىزگە قالغىنى دېيتتىم يامان نام - نىشان،

يوقالغان گۆر ـ قەبرىسى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاستىدا،
ئۇندا قاغا مۇڭلىنىپ، ھۆركىرەيتتى جۇت ـ بوران.

مەرھۇملارنىڭ مۇبارەك نام ـ نىشانى ئۆچمەستىن،
ئەل قەلبىدە ئوبرازى پارلار بولۇپ ئاي، چولپان،
يۇل قىممىتى گاھىدا چۈشسە، گاھى ئۆرلەيدۇ،
ساقلىيالماس ئۆزىنى مەڭگۇ بۇندا ھېچ ئىنسان.

مەڭگۈلۈكنىڭ مەنىسى بولدى چوڭقۇر نامايان،
ئۇنى ئادەم مەيلىچە ئالاركەن يا بېرەركەن.
قالسا ئەگەر بىرەرى ساتقىن، دېگەن ئاتاققا،
ئىسمى ـ جىسمى بىراقلا بۇ ئالەمدىن يىتەركەن.

مەرھۇملارنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان بۇ ھوقۇق
ئىستەر ئىگە بولۇشنى ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرەتكە.
تىلەيدۇ دەپ: سوت تۈندە سوراق ـ تەرگەۋ قىلمىسا،
زاسېداتىل ـ سوتچىلار يار بولسا پاك خىسلەتكە.

يەر بىلەن بىر تەن بولۇپ دەۋرىمەكتە مەرھۇملار،
توپ توپىغا ئۆلىشىپ ئورنىدىن دەس تۇرماقتا.
ئايدىڭلىشىپ ھەق ـ ناھەق، كەلدى نامى ئەسلىگە،
ئاڭا چەكسىز ھۆرمەت ئەل قەلبىدە جۇش ئۇرماقتا.

پىكىر قىلىش — سۆزلەشكە يوقمۇ ماڭا ئىجازەت؟
سىڭىپ كەتتى سۆزلىرىم كۆز ياشلارغا — ھەسرەتكە،
ئۇنىڭ بىلەن ئادەمگە بېرەلمەيمەن قايتا جان،



ئوخشار قوپال تەسۋىرىم چىراغدىكى سۇرەتكە،
مەن ئايلاندىم شېئىرىي دوزاختىكى سىزىپ[1] قا
ئامالسىز مەن ئۇلارغا نەپەس ئاتا ئەيلەشكە.

كېلەر ئۇلار بىز تامان جەسۇر، مەزمۇت سىياقتا،
بويلاپ ئېسىل مال بىلەن تولغان ئەينەك ساندۇق ھەم
جەزبىدار ھۆر قىزلارنىڭ دېرىزىسى ئالدىنى،
بۈسۈپ ئۆتەر گۈللەرنى، سەگەك كاللا، دىللارنى
ئۇلارنىڭ ئۈن ـ تىۋىشسىز ئۇچقۇر ـ چاققان قەدىمى.

## سەھەر سائەت تۆت بولغان ۋاقىت

بۇ — تۈندىن كۈندۈزگە ئۆتىدىغان پەيت،
بۇ — كۈن ـ تۈن تۈتىشىپ تۇرىدىغان پەيت،
بۇ گويا ئادەمنىڭ ئوتتۇز ياش چېغى —
زېمىن، كۈچ، ئەقىلگە تولىدىغان پەيت.

بۇ — خوراز چىللىشى ئەسىر ئەتكەن پەيت،
بۇ — زېمىن بىزلەرنى تاشلىۋەتكەن پەيت،
بۇ — يۇلتۇز ئۆچۈشنى باشلىۋەتكەن پەيت،
بۇ — بىزنىڭ ئارقىمىز تەرەپتە ھەممە
مەۋجۇدات قالمىغان — يوقاپ كەتكەن پەيت.

بۇ ۋاقىت مەنىسىز تۈيۈلۈپ قەۋەت،

---

① سىزىپ — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژ. زېۋس ئۇنىڭغا تاش تۇشۇش جازاسى بەرگەن.

چۈمىدۇ سۈكۈتكە پۈتكۈل يەر - جاھان.
بۇ دەمدىن باشقا چاغ — بارلىق مىنۇتلار
ئەيلەيدۇ بۇ پەيتنى قونالغۇ، ماكان.

تاڭ سەھەر سائەت تۆت بولغان مىنۇتنى
خەيرلىك، بەختلىك، دېمەس ھېچ بەندە،
چۈمۈلە ياخشى دەر ئۇنى ئېھتىمال،
قۇتلايلى بىز ئۇنى سەزگەن شۇ دەمدە.
كۈتەيلى سائەتنىڭ بەش بولۇشىنى،
بەرق ئۇرۇپ تۇرسىلا ھاياتلىق تەندە!

## مەريەم ئانا بوۋاق كۆتۈرۈپ تۇرغان رەسىم

قەھرىمان تۇغۇلغان كىچىك شەھەردە
كۆردۇق بىز ھەيۋەتلىك ئابىدىلەرنى،
قۇپقۇرۇق مۇزېينىڭ ئالدىدىن ھۇركۈپ
قېچىپ بەك تېز بىر جۈپ مېكىيان، تاپتى
مۇقەددەس ئانىمىز تۇرغان شۇ يەرنى.
غىچىرلاپ ئېچىلىپ چېكىلگەن ئىشىك،
ئۇنىڭ تىك قامىتى بولدى نامايان،
سۇمبۇلدەك چاچلىرى، نۇرلۇق كۆزلىرى
قوزغايدۇ دىللاردا چەكسىز ھاياجان.
پولشادىن كەلدۇق بىز، دېيىشتۇق ئاڭا،
بىلدۈردۇق ئېھتىرام ھەم بولماي ھايال.
جاراڭلىق رەۋىشتە سۆزلەپ بەك ئېنىق
تاشلىدۇق ئالدىغا بىر تالاي سوئال.



شۇنداق، قىز يىگىتنى سۆيىدۇ قەۋەت،
يىگىتمۇ قىز ئۈچۈن ئەيلەر جان پىدا،
قىز تۇرمە سىرتىدا تۇرغان چاغدا دەل،
مىلتىقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ئاڭا.
پۇشايمان ئىچىدە دېدى قىز شۇندا:
ئۇنىڭالغۇ، سىنىڭالغۇ كەلسەمچۇ ئېلىپ.
شۇنداق، بۇ نەرسىنىڭ ھېكمەت - رولىنى
يەتكەن ئۇ باشتىلا تامامەن بىلىپ.
ئوقۇغان رادىئو ئىستانسىسىدا
يىگىتنىڭ ئاخىرقى خېتىنى بۇرۇن،
ئېيتقان ھەم تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئۇ
قەدىمىي شۇ ئەللەي كۈيىنى بۇرۇن،
ھەتتا ئۇ بىر قېتىم كىنوخانىدا
جامائەت ئالدىدا بولغان نامايان؛
كۈچلۈك يايلامپىغا قاراپ، كۆزىدىن
ئاققان ياش، قەلبىدىن ئۇرغۇپ ھاياجان.
شۇنداق، ئۇ ھارغىنلىق ھېس قىلدى بىر ئاز،
شۇنداق، بۇ كۈنلەرمۇ كېتىدۇ ئۆزاپ.
رۇسلاپ ئۇ قەددىنى ئېيتىپ تەشەككۈر،
خۇشلىشىپ يول ئالدى سىرتقا قاراپ،
كارىدور ئىچىدە تۇرۇشقان بىر توپ
سەيياھنىڭ يېنىدىن ئۆتتى قىلىپ «لاپ».

## ئۆيگە قايتقاندا

ئۇ قايتىپ ئۆيگە سۇرمىدى زوۋان،

كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يولۇققان چېغى،
سالماستىن كىيىمنى ياتار، بېشىغا
يوتقاننى چىڭ ئوراپ تۈگۈلگەن پېتى.

قىرىق ياش يېقىنلاپ كەلمەكتە ئاغا،
بۇ دەقىق قىرىققا توشمىدى بىراق.
ياشار ئۇ تۈرەلمە ــ هامىلە كەبى
يەتتە قات قېلىن تام ئىچرە زۇلمەتنى
ئەيلىبان ئۆزىگە پاشپاناھ ھەر ۋاق.
كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار ئارا
ئالاقە قىلىشنىڭ كۆپ مۇھىملىقى
ئۈستىدە ئۇ ئەتە سۆزلەيدۇ بىر رەت.
ۋە لېكىن تۈگۈلگەن پېتىچە ھازىر
چۈش كۆرۈپ ئۇيقۇدىن ئالماقتا لەززەت.

## ئانكېت تولدۇرۇش

نېمە قىلىش كېرەكتۇر ھازىر؟
بولدى زۆرۈر ئىلتىماس يېزىش،
تولدۇرۇپ ھەم ئانكېتنى تولۇق،
ئىلتىماسقا ياندىتىش ــ قېتىش.

ياشىسامۇ قانچىلىك ئۇزاق،
يازماق شەرتتۇر ئۇنى قىسقىراق.
تەلەپ: بولسۇن سۆزلەر مېغىزلىق،
ئەمەلىيەت قىلىنسۇن ئايان،



ئادرېسىڭنى ياز تولۇق، ئېنىق،
ھاجەت ئەمەس تەسۋىرىي بايان.
غۇۋالاشقان ئەسلىمىلىرىڭ
ئىشەنچلىك بىر ھەقىقەت بولۇپ
ۋاقتى بىلەن سۆزلەنسۇن ھامان.

توي قىلمىغان بولساڭ ناۋادا،
سۆيگۈ ئۈزرە يۈرمە توختىماي.
پەرزەنتلىرىڭ يېزىلسۇن جەزمەن
ئەسلا ئۆگەي ئەمەس، ئۆز قىلىپ.

مۇھىم كىمنى تونۇشۇڭدىنمۇ
كىمنىڭ سېنى تونۇشى قەۋەت.
يازماق بولساڭ ساياھىتىڭنى،
ئالما تىلغا چەت ئەلگە قىلغان
سەپىرىڭدىن ئۆزگىنى پەقەت.
قايسى مەزھەپ ــ گۇرۇھقا تەۋە،
بۇنى جەزمەن لازىمدۇر قېتىش،
زۆرۈر ئەمەس زىنھار ۋە لېكىن
بۇنىڭ سەۋەب ــ ۋەجىنى يېزىش.
ئالدىڭ نېمە مېدال ــ مۇكاپات؟
ئېنىق قىلىپ تولدۇر شۇلارنى.
قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭ ئاغا؟
بىھاجەتتۇر ئېيتىش بۇلارنى.

ئانكېتىڭغا قاراپ گويىاكى

تونۇمايسەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ،
تۈيۈلىدۇ ئېيتىلمىغاندەك
ئۇنىڭدىكى ھەر جۈملە سۆزۈڭ.

ئالمىسىمۇ بولىدۇ تىلغا
ئۆيدىكى ئىت، مۈشۈك، قۇشلارنى،
يادنامە، دوست، كۆرگەن چۈشلەرنى.

ۋەزىپىدىن قىممەتلىك مەزمۇن،
باھا مۇھىم قىممەتتىن ھامان.
ئەڭ مۇھىمى شىبلىت رازىمىرى،
ئەمەس بەلكى كىيىپلا پۈتقا
كېتىپ قېلىش ھەر ياقلار تامان.
تەسىرىگە كەسىپىنىڭ - ئىشنىڭ
ئۇچرامدۇ - يوق ئېتىبار - قىممەت؟
كۆرسىتەمدۇ ئاڭا ھەم دەخلى
قۇلىقىنىڭ ئېنىق تارتىلغان سۈرەت؟
ئېغىپ يۈرگەن مىش - مىش پاراڭدىن
ئەلا تاشقى كۆرۈنۈش - ساپا.
ئاڭلانغىنى نېمە؟ پارچىلاش
ماشىنىسى چىقارغان سادا.

## بىر كۆرۈپلا كۆيۈشۈپ قېلىش

شۈبھىسىز، ئىشىنەر ئۇلار ئىككىسى:
بىر كۆرۈپ كۆيۈشۈپ بولغان جۈپ — ئىناق.



بېغىشلار بۇ ئىشەنچ كىشىگە ھۇزۇر،
تېڭىرقاش ئۇندىنمۇ ياخشىدۇر بىراق.

تونۇشماس ئىككىيلەن ئەزەلدىن پەقەت،
باقمىغان ئۆزئارا ئالاقە قىلىپ،
پەلەمپەي، كارىدور، كوچا - رەستىدە
ئېھتىمال، ئۆتۈشۈپ كەتكەن سۈركىلىپ.

شۇنداق دەپ سورىغۇم كېلەر ئۇلاردىن:
— ئايلانما ئىشىكتىن كىرىشىپ بىللە
قىستىلىپ كەچۈرۈم سوراشقانمۇ يا؟
ۋە ياكى تېلېفون قىلغاندا قوبۇل،
دېگەنمۇ ئۆزئارا: «ئۇرۇۋېتىپسىز خاتا».
ۋە لېكىن بىلىمەن، ئۇلار بۇنداق ئىش
بولمىغان، دەپ جاۋاب بېرىشەر ماڭا!

تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرغانغا ئۇلار
بولۇپتۇ خېلىلا ئۇزاق بىر زامان.
ئاجايىپ، تەلەي ھەم سىر خىل پۇرسەتلەر
ئۇلارغا خۇش كۈلۈپ باققان ھەر قاچان.

مۇكەممەل تەييارلىق قىلمىدى تېخى
ئۆتۈشكە تەقدىرداش بولۇشۇپ ئىناق،
گاھىدا ئۆملۈكنىڭ سۈرىسە پەيزىنى،
گاھىدا رەنجىشىپ تۇرۇشتى قاپاق.
خەق ئۇلار ئۈستىدىن كۈلۈشسە پىنھان،

تەقدىر بوپ ئۇلارنىڭ يولىدا ئايان،
شۇ كۆلكە - زاڭلىقتا تۇرىدۇ چىداپ،
ئاندىن ھەم يىراقتا بولىدۇ راۋان.

ئۇلارغا بولغان كۆپ بەلگە - ئالامەت،
چۈشەنمەي ئۆتسىمۇ، قىلماي غەم - خىيال.
ئالدىنقى سەيشەنبە كۈنىدۇر ياكى
بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئۈچ يىل ئېھتىمال،
بۇ زاتنىڭ دولىدىن باشقا بىرىنىڭ
دولىغا نېمىدۇر چۈشكەن يۆتكىلىپ؟
ئۇ، بىر تال ياپىپىشىل ياپراقمۇ ياكى
تېپىلغان نەرسىمۇ يېتىپ - يوقىلىپ؟
بالىلىق چاغلاردا چاتقاللار ئارا
ئوينىغان بىر دانە توپمىدۇر ۋە يا؟

ئېھتىمال، قوڭغۇراق، ئىشىك تۇتقۇچى
ئۇلارنىڭ قولىدا ياققان تۇتۇلۇپ.
ئېھتىمال، چامادان - ساندۇقى بىللە
مال ساقلاش ئورنىغا قالغان قويۇلۇپ.
ئېھتىمال، ئىككىسى ئوخشاش بىر كەچتە
ئوخشاشلا بىر چۈشنى چىققاندۇ كۆرۈپ،
ئەندىكىپ ئويغانغان چاغدا، شۇ چۈشتىن
قالماستىن ھېچ ئىزنا كەتكەندۇ ئۆتۈپ.

باشلانغان ھەر قانداق ئىشلارنىڭ لېكىن
داۋامى بولمىقى شۈبھىسىز ئېنىق.



تۇرار ئۇ خاتىرە دەپتەر تائەبەد
يېرىمى ئېچىلىپ، يېرىمى يېپىق.

## نىگاتىپ

تەۋرىمەكتە قاپقاراڭغۇ كۆك ئارا
تاشلىنىپ كۆزگە بۇلۇت شۇنچە غۇۋا.
بىر قارا چەمبەرسىمان دائىرىنى
كۆن ئېلىپ قورشاۋىغا تۇرغاي مانا.
ئىككى ياقتا ئاق گىلاسنىڭ شاخلىرى
ئاچتى چېچەك، رەڭگى ئۇنىڭ قاپقارا.

مومغا ئوخشاش يۈز - چىرايىڭغا سىنىڭ
ئەنە روشەن سايە — داغ قالغان ئويۇپ،
ئولتۇرۇپسەن ياندىشىپ ئۈستەلگە سەن،
ئاڭا سۇررەڭ قوللىرىڭنى ھەم قويۇپ.

تاشلىسا خەقلەر ئاڭا ھەر رەت نەزەر،
كۆرۈنەرسەن خۇددى روھ - ئەرۋاھ سىياق،
ئىنتىلەرسەن كۆرسىتىشكە راست — تىرىك
كىشىگە خاس قەددى - قامەتنى بىراق.

چۈنكى، مەن بولغاچ تىرىكلەرنىڭ بىرى،
شەرت ئۇنىڭغا شۇڭا بىلدۈرمەك تىلەك.
ساڭا يار بولسۇن خۇشاللىق ھەر زامان،
تۇردىمۇ دوست - يار، ئائىلەڭ تىنچ - ئامان،

دەپ سالام ـ سائەتنى نەق قىلماق كېرەك،
ھەم يۇسۇن ـ ئادەت سوئال قويماق سوراپ،
ۋە لېكىن ھاجەت ئەمەس كۈتمەك جاۋاب.
مەيلىلا سورالسىمۇ تۇرمۇش، ھايات
ياكى چۈقاندىن كېيىنكى سۈكۈنات.

## قۇرۇق ئۆيدە تۇرار بىر مۈشۈك

بولمىسۇن ئۆلۈمگە مۈشۈك مۇپتىلا،
چۈنكى ئۇ بىلەلمەي قىلىشنى نېمە،
تۇرماقتا يېگانە قۇرۇق ئۆي ئارا.
ئۈينىماي تاملاردا سەكرەپ، ئۆيدىكى
جاھازلار ئارا ئۇ يۈرمەكتە مېڭىپ.
تۇرغاندەك قىلسىمۇ بۇ ئۆي ئۆز پېتى،
ھەممە يەر تامامەن كەتكەن ئۆزگىرىپ.
يۆتكەلگەن ئەمەستۇر گويا ھېچنېمە،
لېكىن كۆپ نەرسىلەر كېتىلگەن ئېلىپ،
تۈنلەردە شام ـ چىراغ تۇرماس ھەم يېنىپ.

چىقماقتا پەشتاقتىن تاراقشىپ بىرى،
ئۇ ئەمەس دەسلەپكى خوجايىن بىراق.
بېلىقنى تەخسىگە سالماقتا بىر قول،
ئۇندا يوق ھەم ئەسلى قولدىكى سىياق.

بۇ يەردە بۇرۇنقى كۈنلەردىكىدەك
ھېچقانداق ئىش قايتا بولمايدۇ سادىر،



قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ ھەم
قىلاي دەپ بىرەرى تۇرمايدۇ ھازىر.
گاھى كۈن ـ ئايلاردا نامەلۇم بىرى
ئۈشتۈمتۇت بۇ يەرگە قالىدۇ كېلىپ،
يىتىدۇ كۆزلەردىن ئۆتمەستىن ھايال،
شۇ كەتكەن پېتىچە كەلمەيدۇ يېنىپ.

مۈشۈك ئۈن چىقارماي قويىدۇ قاراپ
ئۆيدىكى ئورۇندۇق، ئۈستەللەر تامان،
كىتابلار تىزىلغان ئىشكاپلار ئارا
يۈرمەكتە لاغايلاپ ئۈياندىن بۇيان.
گىلەمنىڭ ئاستىنى كولاپ ئۇ يەنە
ئىزدەپ بىر نەرسىنى قارار زەن قويۇپ،
چاچماقتا قەغەزنى ئەتراپقا رەتسىز
ھەتتا بار قائىدە ـ پەرماننى بۇزۇپ.
بولماس ئۇ ھېچقانداق ئىشلارغا ئەمەك،
كۈنبويى ئۇخلاش ۋە كۈتۈشتىن بۆلەك.

تەلمۈرەر: خوجايىن قايتىپ كېلىپ تېز،
ئالدىمدا بالدۇرراق بولسا، دەپ، ئايان.
مۈشۈككە رەھىمدىل بولماقلىق كېرەك،
دېگەننى چۈشىنىپ يېتەر ئۇ ھامان.
ئۇ، ئازار يېگەن شۇ پۇتلىرى بىلەن
بارغۇسى خوجايىن ئالدىغا باشتا،
شادلىقتىن تۇتالماي ئۆزىنى پەقەت،
قىلچىلىك ئۈن ـ تىۋىش چىقارماي ئاستا.

## سىرك ئۆمىكىدىكى ھايۋانلار

ئىت، ئېيىق چوشسە ئۇسسۇلغا ماسلىشىپ،
شىر ئۆتەر ئوت چەمبىرەكتىن بىمالال.
بېزىلىپ سارغۇچ كىيىمدە، ۋىلىسىپىت
مىنسە مايمۇن، بولدى خەقنىڭ ئەقلى لال.
قامچا «ۋىڭ - ۋىڭ» ئوينىسا باش ئۈستىدە،
زەن سالار بوندا جىمى ھايۋان ئاتا.
قامچىنىڭ ھەر بىر رىتىم - ئاۋازىغا
كۈي - مۇزىكا بولىدۇ تەڭكەش گويا.
پىل ئېتىپ ئوينايدۇ ئەينەك شىشىنى،
ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى - پەرمان بىلەن.
تەڭ قەدەم تاشلاپ كۈچۈكلەر تىزىلىپ،
ئوينىشار ئۇسسۇل ئەنە شۇنداق بەلەن.

مەن تۇرۇپ ئادەم، قىلالماي شۇنچىلىك
ئىشىنىمۇ قاتتىق خىجىل بولماقتىمەن.
خەق ئويۇندىن خۇدىنى بىلمەي بوگۇن
ياڭرىتار ئالقىش، سېلىپ چۇقان - سۈرەن.
قامچىدىنمۇ ئۈزىرىپ قوللار، چوشۇپ
تۇرىدۇ سايىسى قۇم يەرگە روشەن.

## ئاچقۇچ

بار ئىدى ئاچقۇچ، يىتىپ كەتتى بىراق،



ئەمدى ئۆيگە كىرگۈلۈك قانداق قىلىپ؟
ئېھتىمال، كەلگەندە مەلۇم پۇرسىتى
قالغۇسى كىملەرگىدۇر ئۇ ئۇچرىشىپ.
كۆردى شۇ ئاچقۇچنى ئۇشتۇمتۇت بىرى،
نېمىگە ئىشلەر ئۇنى قويسا ئېلىپ؟
كەتتى تاشلاپ شۇڭا كونا نەرسىنى
تاشلىغاندەك ئۆز يولىغا ئۇ مېڭىپ.

بىز ھۇزۇر سۇرگەندە سۆيگۈ بېغىدا،
ئالدىمىزدا بولسا شۇ قىسمەت ئايان،
تۇيۇلار بىزگە، پۈتۈن ئالەمگە ھەم
بۇ مۇھەببەت شۇنچىلىك دەردلىك ھامان.
چۈشسىمۇ ئاچقۇچ قولىغا ئۆزگىنىڭ،
كىرگىلى بولماس بىرەر ئۆينى ئېچىپ،
ئايلىنار شۇندا قەدىرسىز نەرسىگە،
كەتسە مەيلى شۇڭا ئۇنى دات بېسىپ.

كۆكتىكى يۇلتۇز ۋە يا قامۇس - كىتاب
ياكى تۇزلار ئەيلىشىپ نەغمە - ناۋا،
قىلمىغان ھېچ ئۇشبۇ قىسمەتنى ئاتا.

## تاش بىلەن سۆھبەت

دېدىم تاشنىڭ ئىشىكىنى مەن چېكىپ:
— كىرگۈز مېنى ئىشىكىڭنى كەڭ ئېچىپ.
ئەتراپىڭنى قىلاي سەيلە - تاماشا،

پۇرىۋالاي ھىدلىرىڭنى كەڭتاشا،
بۇگۈن سېنىڭ ئىچ - باغرىڭدىن جاي ئېلىپ.

— يوقال، — دېدى جاۋاب ئەيلەپ شۇندا تاش، —
مەن بەك ئۇيۇل، يوق كىرگۈدەك بوش ماكان،
پارە - پارە ئەيلەنسىمۇ ۋۇجۇدۇم،
مەزمۇتلۇقتىن ئايرىلماسمەن ھېچقاچان.
كىرگۈزمەيمىز ئىچىمىزگە ياتلارنى
تالقان قىلىپ تاشلانساقمۇ بىز ھامان.

دېدىم تاشنىڭ ئىشكىنى مەن چېكىپ:
— ئەيلە مېنى ھۇزۇرۇڭغا مەرھەمەت.
كەلدىم ئۆتتەك ھەۋەس بىلەن، ئادەمگە
نېسىپ بولۇر بۇ خىل ھەۋەس بىرلا رەت.
كۆرەي دەيمەن ياپراق، زۇمرەت تامچىنى
كاتتا قەسرىڭ ئىچرە ئەيلەپ زىيارەت.
بىراق ۋاقتىم كۆپ ئەمەستۇر ئۇنچىلا،
قايىل بولۇپ چۈشىنەرسەن شۇندىلا،
ماڭا قۇچاق ئاچسا ئەجەل — ھالاكەت.

— مەن دېگەن تاش، — كەلدى سادا ئۇنىڭدىن، —
بۇ ئىشلىرىڭ بولالمايدۇ قىلچە دال.
كۆلكە ئىزدەپ بولما مەندىن ئاۋارە،
تۇرما ساقلاپ بۇندا ئەمدى، تېز يوقال.

دېدىم تاشنىڭ ئىشكىنى مەن چېكىپ:



— كەلدىم، قېنى قۇچىقىڭنى ئاچ ماڭا.
بارمىش سەندە كاتتا، ئېسىل كەڭرى زال،
ھەممە ياق جىم، ئاڭلانمايمىش ئۈن - سادا.
كاتتىلىقنىڭ بولسۇن نېمە پايدىسى،
كىرەلمىسە كۆرۈش ئۈچۈن ئەل ئاڭا،
گەرچە قىلغۇڭ كەلمىسىمۇ ئېتىراپ،
ئەزەلدىنلا ئايدىڭ لېكىن بۇ ساڭا.

— شۇنداق، بار كەڭ - ئازادە زال، — دېدى تاش، —
تۇرۇشۇڭغا ئۇندا رۇخسەت يوق بىراق.
ئۇنى ئېسىل كۆرسەتكەندۇ سەندىكى
تەسەۋۋۇرغا نامرات ھەۋەس - ئىشتىياق.
كۆرەلەيسەن مېنى، ئەمما ئۆتەرسەن
چۈشىنىشتىن مەڭگۈ تۇرۇپ سەن يىراق،
ساڭا ئاشىق شەكلىم ئايان بولسىمۇ،
ئىچكى سىرىم چەكسىز قېيىن تېپىشماق.

دېدىم تاشنىڭ ئىشكىنى مەن چېكىپ:
— ئاچ باغرىڭنى، كۆرسەت ماڭا ئىلتىپات.
ئەمەستۇرمەن شور پېشانە، ماكانسىز،
قويىنۇڭ ئارا ئۇزۇن تۇرماق ماڭا يات،
جەزبىدار، ئۆز مېنىڭ دۇنيا - جاھانىم،
قۇرۇق كىرىپ، قۇرۇق چىقاي تېزلا - پات؛
بۇندا دائىم ۋۇجۇدۇمنىڭ - تېنىمنىڭ
مەۋجۇتلۇقى ئاڭا بولغاي چىن ئىسپات،
تاپاي دېسەم سۆزدىن بۆلەك دەلىلنى

بولماي ئىلاج باستى مېنى مۇشكۈلات،
يەنە كېلىپ كىشىلەرگە گەپ - سۆزلەر
بېرەر دائىم بىر گۇمانىي تەسىرات.

— داخىل بولۇش ئېغىلىڭ ئاجىز، — دېدى تاش، —
كىرىشىڭگە بېرىلمەيدۇ ئىجازەت.
كارغا كەلمەس ھەم ئۆزگە ئاڭ قۇدرىتى،
تەڭدىشى يوق ئۆتكۈر كۆزۈڭ بولسىمۇ،
كۆرسىتەلمەس ساڭا ھېچبىر كارامەت.
ئىستەكلىرىڭ بىخ سۈرگەچكە ئەمدىلا،
كىرىشىڭگە بېرىلمەيدۇ ئىجازەت،
سەندە بۇ خىل ئاڭىنىڭ تۇنجى - دەسلەپكى
ئەسلەتمىسى، تەسەۋۋۇرى بار پەقەت.

دېدىم تاشنىڭ ئىشىكىنى مەن چېكىپ:
— كىرگۈزۈۋەت شەپقىتىڭنى بىلدۈرۈپ.
سەيلە قىلىش ئۈچۈن سېنىڭ ئىچىڭنى
تۇرالمايمەن ئىككى يۈزمىڭ يىل كۈتۈپ.

— ئىشەنمىسەڭ ئەگەر ماڭا، — دېدى تاش، —
دەرەخلەرنىڭ ياپرىقىدىن باق سوراپ،
زۇمرەت سۈنىڭ تامچىسىدىن سورۇشتۇر،
ھەممىمىزدىن چىقار ئوخشاش بىر جاۋاب،
ئىشەنمىسەڭ بولارغىمۇ ناۋادا،
بېشىڭدىكى چاچلىرىڭغا قىل خىتاب.
ۋۇجۇدۇمنى زىلزىلىگە سالماقتا



بىر خىل ياڭراق كۈلكە بۇندا جاراڭلاپ،
بۇ كۈلكىگە ئوخشىماس ھېچ، بىر ئۆمۈر
مەن كۈلسەممۇ سانسىز قېتىم قايتىلاپ.

دېدىم تاشنىڭ ئىشىكىنى مەن چېكىپ:
— كىرگۈز مېنى ئىشىكىڭنى كەڭ ئېچىپ.

— ئىشىكىم يوق، — بەردى ماڭا تاش جاۋاب.

## ئاخىرلىشىش ۋە باشلىنىش

جەڭگاھنى تەرتىپكە سالغاي بەزىلەر
بىر مەيدان قانلىق جەڭ بولغاندا تامام.
لازىمدۇر ئازغىنە تۆلىمەك بەدەل
ئويلىساق تۇرمۇشنى قىلىشنى داۋام.

بەزىلەر يولدىكى چالما - كېسەكنى
قويۇشار پاكىزە تازىلاپ ھامان،
جەسەتكە لىق تولغان ئاپتوموبىللار
مازارغا توسقۇنسىز بولسۇن دەپ راۋان.

بەزىلەر سۈپۈرۈپ قىلغاي بىر ياقلىق
لاي - لاتقا، چېقىلغان دېۋان، ئەينەكنى،
چېچىلغان مىشەك ھەم جەسەت كۆللىرى،
قان بىلەن بويالغان كىيىم - كېچەكنى.

بەزىلەر ياغاچ ـ تاش يۆتكەپ يىراقتىن،
قىيسايغان تاملارغا قويىدۇ تىرەك،
دەرۋازا ـ ئىشىككە ئورنىتىپ زەنجىر،
دېرىزە ـ كۆزنەككە سالىدۇ ئەينەك.

بولمىسا يېتەرلىك ۋاقىت، بۇلارنى
ۋۇجۇتقا چىقارماق چۈشمەيدۇ ئاسان.
سىنئالغۇ، رېژىسسور، ئارتىسنىڭ بارى
باشقا بىر جەڭگاھتا بولۇشار ئايان.

كۆۋرۈكلەر، بېكەتلەر، پىرىستانلارنى
زۆرۈردۇر قايتىدىن چىقماقلىق ياساپ.
جەينەككە كەلگۈچە تۈرۈلگەن يەڭلەر
شىددەتلىك ئۇرۇشتا ئەيلەنگەن خاراب.

بەزىلەر قولىدا تۇرار سۈپۈرگە،
بۇرۇنقى ئۇرۇشتا خىيالى ھەردەم.
بەزىلەر ئاڭلاپ جەڭ ھېكايىتىنى،
توختىماي بېشىنى لىڭشىتىدۇ ھەم.
بەزىلەر غۇدۇڭشۇپ سېلىشماس قۇلاق،
يوق، دەپ، بۇ سۆزلەردە قىلچە مەززە ـ تەم.

بەزىلەر دەلدەرەخ، چاتقاللىقلارنىڭ
ئاستىنى ھەممىشە كولىشىپ تىرەن،
چىقىرىپ دات باسقان قورال ـ ياراغنى،
تاشلىشار ئەخلەتكە قىلماستىن ئېرەن.



شۇ جەڭنى ئانچە كۆپ بىلمىگەنگە جاي
بېرىشەر ئۇنى جىق كۆرگەن ئەل ـ ئاۋام،
تېخىمۇ ئاز — يۈزە بىلگەنلەرمۇ ھەم
ئۇلارنىڭ ئورنىنى قىلىدۇ داۋام.
بىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاخىرى
بۇلار ئەل يادىدىن چىقىدۇ تامام.

سۈرگۈسى بەزىلەر شادلىق پەيزىنى
ياپيېشىل مەخمەلدەك چىملىقتا يېتىپ،
ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ـ نەتىجىسىنى
تۇرار شۇ قويۇق — زىچ ئوت ـ چۆپلەر يېپىپ.
ئۇ، بىر تال گىياھنى چىشلەپ، كۆك ئارا
ئۈزگەن ئاق بۇلۇتقا ياتقاي كۆز سېلىپ.



## ھىنى (ئىرېلاندىيە)

سېيموس ھىنى (1939 — ) ئىرېلاندىيىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئاتاقلىق شائىرى. ئۇ 1939-يىلى شىمالىي ئىرېلاندىيىنىڭ دېرى ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بېلفاستتىكى ئايال پادىشاھ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، بىر مەزگىل باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن يەنە ئايال پادىشاھ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان، 1970-يىلدىن 1971-يىلغىچە ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركلېي شۆبە مەكتىپىگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەن، 1976-يىلى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، 1982-يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1984-يىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىستىلىستىكا ۋە مۇنازىرە تاكتىكىسى پروفېسسورلۇقىغا، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شېئىرىيەت پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغان.

ھىنى 1966-يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «بىر ناتۇرالىستنىڭ ئۆلۈمى» نى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن «زۇلمەتكە تۇتاشقان ئىشىك»، «نىك كۆلى چاتمىلىرى»، «دالادا قىشلاش»، «شىمال»، «دالا مەشغۇلاتى»، «دولانا چىرىغى»، «خىيالىي نەزەر»، «تۈن ئىسپىدىكى ھۆكۈم»، «ستايسون ئارىلى»، «تاۋاب ئارىلى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى ھەمدە ماقالىلەر توپلىمى، سىنارىيە، تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان.

ھىنى ئەنگلىيىگە تەۋە بولغان شىمالىي ئىرېلاندىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە ھەمدە ئەنگلىيە تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەچكە،



ئەنگلىيىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. ئۇ ئىجادىيىتىدە ئەنگلىيە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن ئىرېلاندىيە گېئېل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بىر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. سېيموس ھىنىنىڭ «نەپىس گۈزەللىككە ۋە ئەخلاقىي ئاڭغا ئىگە ئەسەرلىرى ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى تۇرمۇشنى بىر پەللە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن» لىكى ئۈچۈن، ئۇ 1995-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

### يىتكەن ئارال

قۇمسىز قاش - ساھىل ھەم تاغ ئاراسىنى
پىتىنساق ئەيلەشكە ئۆمۈرلۈك ماكان،
ئىبادەت قىلايلى، تۇرايلى پوستتا،
ئازابلىق تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ ھامان.

شاخ - ئۇتۇن تېرىپ بىز، ياساپ بىر ئوچاق،
ناۋادا ئۇنىڭغا ئاساق چوڭ قازان،
پۈتمىسىز ئاستىدا قالغان بۇ ئارال
ئەتراپقا بۇزغۇنەك چېچىلار ھامان.

بىز ئۇنى سەكراتتا ئەتكەندە باغاش،
بىلىنەر قۇرۇقلۇق مۇستەھكەم قەۋەت.
ئىشەنچىم كامىلكى، بۇندا رويى بەرگەن
جىمى ئىش خىيالىي مەنزىرە پەقەت.

## پاش قىلىش

ۋىكلو[1] غا دېكابىر باسقاندا ئاياغ،
چۆمۈلەر ئاداققى نۇرغا قېيىنزار.
ئالنۇستىن توختىماي تامچىلىسا سۇ،
توڭلايدۇ كۆزۈپلا ئۇنى ئىرەنزار.

خىلۋەتكە مۆكۈنگەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز
بالقىيدۇ كۈن پاتقان چاغدىلا ئوماق.
شۇ مىليون تونىنا نۇر تۇرار دولانا،
گۈللەرنىڭ ئاجىز نۇر - زىياسى سىياق.
پايانسىز بوشلۇقتا مېتېئورىتنى
بەزىدە ئۇچرىتىپ قالىمەن بىراق.

مەن ئاقار يۇلتۇزغا چىقىپ ئۇچۇشقا
مۇيەسسەر بولسامىمۇ ئەركىن - ئازادە،
يوپۇرماق، شۆپەك ھەم كۆزدىكى مەيىن،
مادارسىز شامالدىن ئۆتتۇم پىيادە.

بىر قەيسەر ئوغلاننى ئەيلىدىم خىيال
سازلىقتەك پاتقاق، چوڭ ھويلىدا تۇرۇپ.
ئۇنىڭ مول تالانتى ئېتىلغان تاشتەك
پىغانغا يۈزلىنىپ بارماقتا ئۇچۇپ.

---

① ۋىكلو — ئىربلاندىيەدىكى بىر جاينىڭ نامى.



بىلمىدىم، ئۆزگىرىپ قالدىممەن ئەجەب؟
ئەسلەيمەن ۋاپادار دوستلارنى ھامان.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، ماڭا ئۆچلەرنىڭ
كاللىسى كۆڭلۈمدە بولىدۇ ئايان.

ئولتۇرسام، ئۆزۈمچە باقىمەن دەڭسەپ،
ئۈستۈمگە ئالماقچى بولغان ھەسرەتنى.
بۇ نېچۈن؟ قۇلاق يا خەلق ئۈچۈنمۇ؟
يا تەرك ئەيلىمەك ئۈچۈن غەيۋەتنى؟

چۈشمەكتە تامچىلاپ ئالنۇستىن يامغۇر
ھالاكەت، پىغاننى بوشقىنە يادلاپ.
ۋە لېكىن ئادەملەر ھېس قىلۇر، ئۇندىن
ئالماستەك مۇتلەقلىق تۇرغاندەك چاقناپ.

مەن ئەمەس جاۋابكار ياكى چېقىمچى؛
بۇ يەردە يۈرەر بىر ئۆزگىچە قاچقۇن.
چاچلىرى دولىغا چۈشكەن ئۆزرىپ،
خىياللار قەلبىدە كۆتۈرەر دولقۇن.

ئورماندا بىر سەبىي پەرىشتە قېچىپ،
زور قىرغىن - ئۆلۈمدىن قالدى ساق - ئامان.
قوغدىنىپ شاخ - شۇمبا، دەرەخ پوستىدا
ئۇرۇلغان شامالنى سېزەر ھەر زامان.

ئۇ، غوۋغا كۆتۈردى ئەيىبلەپ - سۆكۈپ

ئۇچقۇننىڭ سۇپەتسىز ھارارىتىنى.
يوقاتتى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز سوققان گۇل،
شۇملۇقنىڭ تېپىلماس بېشارىتىنى.

## يامغۇر ساداسى

— رىچارد ئېلماننى خاتىرىلەپ

1

بالكونغا ئۇرۇلۇپ يامغۇر تۈن بويى،
ئۇندىكى تاختايغا بارار يېيىلىپ.
يامغۇرنىڭ بىھېساب ھارغىنلىقىغا
ۋۇجۇدۇم خىيالسىز كىرمەكتە سىڭىپ.
شۇندىلا سۇ تامچىپ تۇرغان لەمپىنىڭ
نورى ھەم نۇرىنى يەتتىممەن بىلىپ،
يۇردۇم ھەم ئۆزۈمگە مەرھۇم ھەققىدە
ئورۇنسىز تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلىپ:
بولدى بەس، تۆكمە ياش، قىل سەۋر - تاقەت،
ئۇ، ئەلنىڭ قەلبىدە تۇرار يادلىنىپ.

2

ئېھتىمال، بار ئۇندا پېرېدېلكىنو[1]—
ئوت - چۆپلەر قاپلىغان زەي باغۇ بوستان:
بۇلۇتلار ئىچىدىن قىشنىڭ ئاخىرى
يىراققا كۆز تىككەن خىيالىي جاھان

① پېرېدېلكىنو — موسكۋا شەھەر ئەتراپىدىكى يازغۇچىلار ئولتۇراق رايونى بولۇپ، پاستېرناك مۇشۇ يەردە تۇرغان.



ماندارىن، ۋوتكىننىڭ سۇزۇكلىكىدە
چاقنىتىپ كۆزلەرنى بولىدۇ ئايان.
ئۇ يەردە كەڭ قورساق، كەسكىن پاستېرناك
ئۆزىگە بىر ئىشنى قىلماقتا بايان.

— قەرزدار ئادەمدەك سەزدىم ئۆزۈمنى، —
دەيدۇ ئۇ (ئاساسى بولدى ئەسلىمە)، —
شۇنچە يىل ئۆتتۇممەن يېزىپ لىرىكا،
قىلدىم ھەم بىر قىسىم ئەسەر تەرجىمە.
ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە، بولماقتا غايىب...
بىلىمەن، بار بىر خىل بۇرچ - ۋەزىپە.
ئۆتىسىمۇ ئۇنىڭدىن سانسىز سەۋەنلىك،
ۋە لېكىن مەن ئۇچۇن بۇگۇن ئۇ يەنە
تۇيۇلار دەسلەپكى چاغلاردىكىدىن
تېخىمۇ قىممەتلىك... مېھرىبان... ئەنە.

بار ئۇندا ئافىنا كوچىسىدىكى
ئېرىگەن قار، سۇلۇق ئازگال ئېھتىمال.
ئىشىكنىڭ ئالدىدا ۋىليام ئالفرېد
ئاتمىش ياش چېغىدا كۆزىنى يۇمغان
سۆيۈملۈك دوستىنى قىلماقتا خىيال.
«بىلىسەن، مۇكەممەل شەيئىلەر يېزىپ
‹ياز دولقۇنلىرى، نى ئاپقۇزسا ۋىسال،
چوڭقۇرلۇق ۋايىغا يېتەر بىر قېتىم...
بولدى بەس، سۆزلىمەي، دەي پەقەت قايتا:

ياخشى چۈش كۆر، ساڭا يەتمىسۇن مالال.»[①]

3

لەمپىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان نۇر
سىزلارنىڭ سىكىلەك چېچىدۇر گويا،
يازدىكى چېلەكلەپ تۆكۈلگەن يامغۇر
نۇرلارنى قامچىلاپ تۇرماقتا ئۇدا.
دېيىشەر خەق مۇنداق، تۇرىمەن ئاڭلاپ:
چۈمۈلگىن، چۈمۈلگىن ئامەتكە راسا.
ئاڭلىدىم، ئۆلغىيىپ - تاشقىنلاپ كەلگۈن
بىر نادىر ئەسەرنى قىلغاندەك بىنا،
ئۆز نامى - ئىسمىنى قويغاندەك ۋە يا،
خەيرلىك ئىشلاردىن بېرىپ بىشارەت،
قىسمىتى - قەدرىنى قىلماقتا جاكا.

## يىراق دىيار

مەن «يىراق يۇرت» تىن بۇيان كەلدىم، دېسەم ئەيلەپ جاۋاب،
«شۇ يىراق يۇرت قايسى؟» دەپ كەتتى مېنى ساقچى قاۋاپ.
مۇشۇ دۆلەتنىڭ شىمالىي قىسمى، دەپ ھېس قىلدى ئۇ،
بەرگۈچە ئىزاھ ئاڭا ئاغزىمغا تۇرماستىن قاراپ.

مەن تۇرۇپ مەلۇم ۋاقىت كەتكەن ئاشۇ تۇپراق بىراق،
شۇنچىلىك كۆركەم - چىرايلىق، يوللىرى بەكمۇ يىراق.

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئاتمىش يال چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن دوست» ئامېرىكىلىق شائىر روبېرت لوئېلنى كۆرسىتىدۇ. «ياز دولقۇنلىرى» ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ياخشى شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.



بىھېساب نۇر يىلىدا كەلگەي يىراقتىن ئۇ يېتىپ،
سەنمۇ باسساڭ شۇنچە يولنى، ئۇ ساڭا ئاچقاي قۇچاق.

## خەلق ناخشىچىلىرى

ئۇنتۇلغان مىسرانى ۋاراقلاپ قايتا،
ساناقسىز قىسمەتنى كۆرگەن غەزەلنى
ئېيتماقتا بىر مودا ئاھاڭغا سىلىپ،
بۇزدى بىر ھەسرەتلىك دىل ئارامىنى
ئالدامچى سازلارنىڭ تارىنى چېكىپ.

سەھرادا قۇلۇلە قېپى ئىچىدە
مارجانغا ئايلىنىپ قاتقان ھېسسىيات
تىزىلدى بىرزەئىپ ناخشىغا شۇئان.
تۈيۈلۈپ شۇندا ئۇ ئاجايىپ جۇشقۇن،
بۆلەكچە مەنزىرە رويي بەردى: گويا
شەھەرگە كىردى بىر سەھرالىق نادان.
ئۇلار تەق ئەيلىگەن ناخشا تۇمەن رەت
ئېيتىلار: يوللاردا ئوتقاش مىسالى
قىزارغان شۇ سولغۇن مۇھەببەت ئۈچۈن.
سەدپارە قەلبلەر تاپتى شىپالىق.
ئەزرائىل ئويناتقان ئۆتكۈر تىغ بىسى
شىركەيىپ كۆيلەردە مات بولدى بۈگۈن.

## تۇي كۈنى

دىشۋارلىق — ئەندىشە قەلبىمگە خاقان.

كۆندۈزدە ئاۋازلار بېسىقتى پۈتۈن.
ۋە لېكىن ئوبرازلار يۈرەر ئايلىنىپ،
دەرىيادەك كۆز ياشلار تۆكۈلدى نېچۈن؟

تاكسىنىڭ سىرتىدا — ئۇنىڭ يۈزىدە
دەرد - ھەسرەت نېمىشقا سالىدۇ سايە؟
قايغۇلار كەلكۈندەك بارار ئۆلغىيىپ
بىزگە قۇت تىلىگەن مېھمانلار ئارا.

سەن گويا تاشلانغان يىگى كېلىندەك
ئېگىز تورت كەينىدە ئېيتتىڭ كۈي — مۇقام.
يوقاتتى ئەقلىنى ئۇ — قىز تامامەن،
مۇراسىم يەنىلا قىلماقتا داۋام.

مەن ھاجەتخانىغا بارسام، ئۇ يەردە
تۇرۇپتۇ قان تېمىپ تۇرغان بىر يۈرەك
ھەم سۆيگۈ قىسسىسى. ئايرودرومغا
بارايمەن مەيدەمگە قويۇپ باش تېزرەك.

## قۇتقۇزۇش

چۈشۈمدە كۆردۈممەن سېنى، تۇرۇپسەن
بەلگىچە شۇ ئاپئاق قارلارغا پېتىپ.
ئويغىناي قار ئىچرە ئۈخلىغان سۇدەك،
باغرىڭنى مەن ئۈچۈن تۇرغىن كەڭ ئېچىپ.



## جازا[1]

چۈشەندىم، ئارقىغا تارتىلغان قاتتىق
ئەيلىنىپ قىز بويىنى سىرتماققا قامال.
ئۇنىڭ شۇ يالىڭاچ بەدىنى ئۈزرە
توختاۋسىز ئۇرۇلۇپ تۇرماقتا شامال.

شاماللار ئۇرۇلغاچ، ئەمچەك توپچىسى
بولۇپتۇ كەھرىۋا، مەرۋايىت — مارجان.
بىتەلەي مەزلۇمنىڭ قوۋۇرغىلىرى
شامالغا قوشۇلۇپ تىترەيدۇ ھەرئان.

بىلىمەن، ئاجايىپ ياش، گۈزەل ۋۇجۇد
ياتماقتا پاتقاقتا — سازلىققا پېتىپ.
ئۈستىگە تاشلانغان شاخ - شۇمبىلارنى
يوغان بىر تاش يەنە تۇرۇپتۇ بېسىپ.

قوۋزىقى سويۇلغان يۇمران شاخ ئىدى
ئۇ، بۇندا كۆمۈلگەن دەسلەپكى سائەت.
قېزىلىپ چىققاندا بولغان نامايان
ئۇنىڭدا دۇپتىنمۇ قاتتىق قىياپەت.

---

[1] ھىنى بۇ شېئىرنى دانىيىلىك ئارخېئولوگ گلوبىنىڭ «سازلىقتىكى ئادەم» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يازغان. 1951 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ۋېندبىي دېگەن يېرىدىكى سازلىقتا مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان بىر قىزنىڭ جەسىتى بايقالغان. قىز ئون تۆت ياشقا كىرگەن بولۇپ، قىيپالىڭاچ يېتى كۆمۈلگەن، كۆزى لاتا بىلەن ئېتىلگەن، بوينىغا سىرتماق سېلىنغان، چېچى پۈتۈنلەي قىرقىۋېتىلگەن. جەسەتنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۈستىگە شاخ - شۇمبا ۋە يوغان بىر تاش باستۇرۇپ قويۇلغان.

سۈمبۈلدەك چاچلىرى قىرقىلغان بېشى
مۇمسىمان قاپقارا ئېگىزلىق گويا.
جەزبىدار، سېھىرلىك شەھلا كۆزىگە
تېڭىلغان بىر پارچە مەينەت بېنت — لاتا.

ساقلاپتۇ مۇھەببەت خاتىرىسىنى
بوينۇڭغا سېلىنغان ئارغامچا — سىرتماق.
خەق سېنى خورلاشتىن بۇرۇن چاچلىرىڭ
ئاچ سېرىق، ئۇزۇقۇڭ كەم ئىدى، قىزچاق.

قاپقارا يۈزۈڭگە مۇجەسسەم ئۆزلۈق،
ئەي تەتۈر پېشانە، شەيدامەن ساڭا.
ۋە لېكىن، بىلىمەن، ئىدى بىهاجەت
ئۇن ـ تىنسىز سۈكۈتتە تۇرماقلىق ماڭا.

مەن — ئارسىز، مۇغەمبەر ـ مەككار ماراقچى؛
نامايان بېشىڭدا قارايغان يېرىق.
مۇسكۇللار، تومۇرلار، سۆڭەك ـ ئۇستىخان
تاشلىنىپ تۇرماقتا كۆزۈمگە ئېنىق.

سەندىن يۈز ئۆرۈگەن ئاچا ـ سىڭلىڭنىڭ
بويىلىپ بەدىنى ئاسفالت — مايدا،
سالاسۇن يېنىدا تۇرسا ياش تۆكۈپ،
گاچىدەك زۇۋانسىز قاتتىم شۇ جايدا.



مەدەنىي ياۋۇزلۇق ـ زوراۋانلىقنى
تۇرارمەن ھەمىشە كۆرمەسكە سېلىپ.
لېكىن، بۇ خەلقنىڭ يوشۇرۇن — مەخپىي
قىساسى ـ ئەنتىنى يەتتىممەن بىلىپ.

## تاختىپەر

تامچىلار ئىشتىن بۇرۇن ئۇيلاپ بولۇشنى بىخەتەر،
نەچچە رەت كۆرگەي سىناپ چىلىڭ بولدىمۇ دەپ تاختىپەر.

زەن سېلىپ ھەر بىر قەدەمدە پۇختىلاپ بارغاي ھامان،
بىر غېرىچ تاختاي ۋە ھەتتا شوتا، بىر مىخقا قەدەر.

تام ـ سېپىل قەد كەرسە تاش تاغدەك سالاپەتتە، بىراق
تاختىپەر ھەم شوتا بىر ـ بىر شۇندىلا يوق ئەيلىنەر.

شۇڭا، بەزەن بىتۇيۇق ئىشلار تۇيەيلىدىن، دىلبىرىم،
سۆيگۈمىزگە داغى ھىجران خەۋپى دۇچ كەلسە ئەگەر؛

يېمەۋايىم، تاختىپەرلەر بۇزۇلۇپ چۈشكەن بىلەن،
بىز بىنا ئەيلەپ مۇھەببەت تېمىنى قۇچتۇق زەپەر.

## تۆمۈرچى دۈكىنى

قاراڭغۇ زۇلمەتكە تۇتاشقان ئۇدۇل

بىر ئىشىك بار، پەقەت بىلمەن شۇنى.
سىرتىدا كونا ئۇق ھەم تۆمۈر ھالقا
بارماقتا داتلىشىپ ـ چىرىپ ھەر كۈنى؛
دۇكاننى قاپلايدۇ دەھشەتلىك سادا
سەندەلنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇلسا بازغان.
سۇ ئىچرە پېژىلدار قىزىغان تاقا،
شارىسمان ئۇچقۇنلار چاچرايدۇ ھەر يان.
گويا بىر مۆڭگۈزلۈك ھايۋاندەك سەندەل
مەركەزگە قويۇلغان يۆتكەلمەس قىلىپ.
ئۇ، چاما شەكىللىك نەزىر سۈپىسى
سىياق بىر ھالەتنى تۇرار ئەسلىتىپ.
شۇ يەردە ئۆتمەكتە خورىتىپ جاننى
تۆمۈرچى شەكىل ھەم مۇزىكا ئارا.
تېرىنى يوپكىدەك تارتىپ ئۈستىگە،
بۇرنىنىڭ تۈكىنى ئۆستۈرۈپ راسا،
دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ گاھىدا
خىيال دېڭىزىغا بولىدۇ غەرق.
كۆڭلىدە، ماشىنا ماڭغان يوللاردا
تۇياقنىڭ ساداسى ئۇرىدۇ بەرق.
غۇدۇڭشۇپ ئۇ كېيىن دۇكانغا كىرىپ
بازغاننى بىر يېنىك، بىر قاتتىق ئۇرۇپ،
قوزغىتار شۇ ھامان شامالدۇرغۇچنى
پۇختا — چىڭ تاقىنى چىقاي، دەپ، سوقۇپ.



## تورف① سازلىقى

— ت. پ. فراناگانغا بېغىشلايمەن

يوق بىزدە ئوتلاقلار، كۆكۈمدا بىراق
مەغرىبكە پاتىدۇ زور ئالتۇن قۇياش.
كېڭەيگەن زۇلمەتكە تىكىلگەن پېتى
كۆلدىكى كۆز ئىچرە قويىدۇ ئۇ باش.

ئەتىگەن، كەچتىكى زەر قۇياش ئارا
توختاۋسىز قېتىشقا باشلىغان زەيكەش --
بىز يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقان ماكان.
قەدىمكى زاماندىن تا بۈگۈنگىچە
توساقسىز ـ قامالسىز ئۆتكەن ئۇ ھامان.

مۆڭگۈزلۈك بۇغىنىڭ ئىسكىلىتىنى
تېپىشقان ئادەملەر تورفنى قېزىپ.
بەئەينى ھاۋاغا تولغان سېۋەتكە
ئوخشايتتى ئۇ ئەگەر قويۇلسا چېتىپ.

يۈز يىلدىن كۆپ بۇرۇن كۆمۈلگەن قايماق
زەررىمۇ ئۆزگەرمەي چىققان ئۆز پېتى.
دەسسىلىپ ئىنساننىڭ ئاياغ ئاستىدا
ئېرىگەن، ئېچىلغان قاپقارا قايماق،
يۇمشاقلىق تۇپراقنىڭ بولغاچ خىسلىتى.

① تورف تېخى كۆمۈرگە تولۇق ئايلانمىغان ماددا بولۇپ، شەكلى پاقاققا ئوخشايدۇ، رەڭگى قارا ياكى قوڭۇر بولىدۇ.

مىليارد يىل مابەينى ئەيلىدى داۋام
ئۇ — تۇپراق ھەققىدە خاتا ھەقىقەت.
بۇ يەردىن ئاللماس كۆمۈر بەربىمر،
ئادەملەر تىنىمسىز قازسىمۇ ئەبەد.
نەم تارتىپ ئۇماچقا ئايلانغان شەمشاد—
دەرەخنىڭ شاخلىرى بار بۇندا پەقەت.

چېلىشچان ئاچقۇچى ماھىرلىرىمىز
باشلىغان ھۇجۇمنى يەر باغرى تامان.
ئېچىلغان ھەر قاتلام ئۈستىنى گويا
ئۆتمۈشتە ئادەملەر ئەيلىگەن ماكان.

سازلىقنىڭ ساناقسىز كۆزى ئاتلانتىك
ئوكيانىنىڭ تېشىلگەن يېرىدۇر بەلكىم.
زەيكەشنىڭ مەركىزى تىرەن شۈنچىلىك،
تائەبەد تېگىنى كۆرەلمەس ھېچكىم.

## توللاند ئادىمى①

### 1

بىر كۈنى ئارخۇسقا بېرىپ مەن ئۇنىڭ
بېغىررەڭ بېشىنى كېلىمەن كۆرۈپ.

① مېنى بۇ شېئىرنىمۇ گلوبىنىڭ «سازلىقتىكى ئادەم» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يازغان. كىتابتا جاتلاند سازلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارمۇ تىلغا ئېلىنغان: مەرىيەم ئانىغا نەزىر - چىراغ قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان ئەرلەرنىڭ جەسىتى تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە مۇشۇ تورف سازلىقىغا كۆمۈلگەن بولۇپ، جەسەتلەر ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇلارنىڭ باش سۆڭىكى ئارخۇستىكى بىر مۇزېيدا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى توللاند ئادىمىدۇر.



پۈرچاقتەك يۇمران كۆز قاپىقى، تېرە
بۆكىنى ئالارمەن كۆزۈمگە سۈرۈپ.

تۇرارمەن يېقىن بىر سەھرادا ئۇزاق،
خەق ئۇنى چىقارغان شۇ يەردىن قېزىپ.
ئۇ ئىچكەن ئاداققى بۇغداي ئۇمىچى
قورساقتا مۇز كەبى كەتكەن ھەم قېتىپ.

كىيىمسىز تېنىگە قارىسا ئادەم،
ۋەھىمە ئىلكىدە تىترەيدۇ يۈرەك.
تېپىلماس ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نېمە
قالپاق ھەم ئارغامچا، كەمەردىن بۆلەك.

چەمبىرەك ئەپسۇنى ئوقۇپ ئىلاھە،
ئۇنىڭغا سازلىقنى ئەيلىگەن راۋا.
قاپقارا شەربەتتە، ئەۋلىيالارنىڭ
جەسىتى ھەم تورف قازغۇچىلارنىڭ
قىممەتلىك بايلىقى بولغان ئۇ گويا.

بولدى بۇ يەرھەرە كۆنىكىسمان،
قېزىشنى خەق دائىم ئەيلىگەچ داۋام.
ئۇنىڭ شۇ بولغانغان چىرايى بۈگۈن
ئارخۇستا ھەقىقىي تاپماقتا ئارام.

### 2

ئىلاھتىن نارازى بولۇپمەن، بىزنىڭ

ئەزەلدىن سانالغان ئۇلۇغ، بىباھا
زېمىنگە قازاندەك سازلىقنى تۇتۇپ،
ئەيلىدىم ئۇنىڭغا شۇنداق بىر جاكا:
تەرتىپسىز كۆمۈلگەن ئەمگەكچىلەرنىڭ
مۇردىسى ياتماقتا تۇپراقتا چىرىپ.
دېھقانىنىڭ ھويلىسى ئىچىدە پايپاق
كىيىشكەن جەسەتلەر قويۇلغان تىزىپ.

تۆت ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئۇخلاش كىيىمى
ئېسىلغان تانا بەك سوزۇلغان ئۇزاق.
سەپكۈندەك داغ چۈشكەن كىيىم ـ كېچەكلەر
ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرىدۇ ھەر ۋاق.

شۇ جەسەت ھەم ئاكا ـ ئۇكىنىڭ تېرە،
چىشلىرى ئەھۋالنى قىلماقتا جاكا.
شۇ تېرە، چىشلارغا، ئەي ئۇلۇغ تەڭرى،
قايتىدىن ھاياتلىق قىلساڭچۇ ئاتا!

3

ئۇ سۆرەپ كەلمەكتە قىغ ھارۋىسىنى،
ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىك ئەرك ـ ھۆرلۈكى
تويۇقسىز مەن تامان باشلىدى ھۇجۇم.
چۈشمەيدۇ ئاغزىمدىن بىر نەچچە ئىسىم،
ماشىنا رولىدا ئوينايدۇ قولۇم:

نىبېلگارد، توللاند ھەم گراۋبالىېلار



دېھقانلار ئىشارە قىلسا قولىنى،
كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرىدۇ قاراپ،
چۈشەنمەي ئۆلەرنىڭ يەرلىك تىلىنى.

قان ئاققان قەدىمي ۋەخپە زېمىننىڭ
ئۈستىدە دەسسىلىپ تۇرغاندا پۇتۇم،
بىزارلىق ـ نەپرەتنى، يولدىن ئېزىش ھەم
ھۆرلۈكنى ھېس قىلىپ يىتىمەن چوقۇم.

## شىمال

مەن قايتىپ پايانسىز ساھىلغا، تۇردۇم
قولتۇقنىڭ ئايلانما يولىغا قاراپ.
ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ چېقىنلىرىدا
قۇدرەتلىك، بىدئەت كۈچ تۇرماقتا تاراپ.

ئالدىمدا نامايان ئىسلاندىيىنىڭ
مەنىسىز ـ تۇترۇقسىز تەكلىپنامىسى،
گرېنلاندنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشقا پاتقان
قانۇنسىز زېمىنى — مۇستەملىكىسى.

تاش يۈرەك، بىھايا تاجاۋۇزچىلار
رىۋايەت ـ قىسسىدە تۇرار سۆزلىنىپ.
ئۈركىنىپ، دۇبلىندا ساناقسىز ئۇغۇل
ياتماقتا مەڭگۈلۈك ئويقۇغا يېتىپ.

مەردلەرنىڭ يالتىراق شەمشەر — قورالى
تۇرۇپتۇ تاشلىنىپ، چىرىپ - دات بېسىپ.
شېھىدلەر، شەمشەرلەر يېتىپتۇ قاتار
مىسالى كىملەردۇ قويغاندەك تىزىپ.

ئاجايىپ مۇستەھكەم تاش كېملەرگە
ئەيلەنگەن بەزىلەر ئۆمۈرلۈك قامال.
چېپىلغان ۋۇجۇدلار ئېرىگەن دەريا
ئىچىدە نۇرلىنىپ كۆرسەتتى جامال.

سادائا ئايلىنىپ ئۇلار ھەممىسى
پايانسىز ئوكياننى لەرزىگە سالدى.
بەرگەندەك ھەم ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش
زورلۇق، روھ ئىچرە باش كۆتۈرۈپ قالدى.

چوڭ ھەربىي كېمىنىڭ تىلى — كاراپ
دەر: «تول[1] نىڭ بازغىنى ئىنتىقام، سودا،
كېلەڭسىز بىرلەشمە، جۇغراپىيە ھەم
قۇرۇق سۆز، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ
نەپرىتى ۋە ئۇلار ئېرىشكەن نومۇر
ھەم ئايال، قىز تامان پۇلاڭلاپ بۇدەم،

كۈچەيدۇ ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا

[1] تول — شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى گۈلدۈرماملىق يامغۇر، ئورۇش، دېھقانچىلىقنى باشقۇرىدىغان چاقماق ئىلاھى.



دەريادەك تۆكۈلگەن قانلارنى ئەسلەپ.»
كېمىنىڭ كاراپى ئەمدى ئەقلىنى
تېپىپ سۇ يۈزىدە تۇرماقتا لەيلەپ.

سۆزلەيدۇ كاراپ: «ئەي، «ئۇرۇش» دېگەن سۆز،
ئىبارە ئامبىرى ئىچرە ئۇخلا — يات.
قاراڭغۇ غاردىكى كاللىنىڭ جىلۋە،
قامالى - بەنتىدە قىل ئەسەر ئىجاد.

كۈتتى ئەل شىمالىي قۇتۇپ نۇرىنى،
ئۇنىڭغا يۈرەكتىن باغلاپ ئىشتىياق.
ۋەھىمە ئىلكىدە، شارقىراتمىدەك
نۇرلارغا ئىنتىلىپ باقمىدى بىراق.

ساقلىغىن نوكچا مۇز كۆپۈكلىرىدەك
شۇ نۇرلۇق ھەم تىنىق كۆزۈڭنى ئامان.
قولۇڭدىن يالتىراپ - پارقىراپ چىققان
بىباھا تۇيغۇغا ئىشەنگىن ھامان.»



## برودسكي (ئامېرىكا)

يوسىپ برودسكىي (1940 — ) ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى. ئۇ 1940 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد (ھازىرقى سان - پېتربۇرگ) شەھىرىدە بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 15 يېشىدا ئوقۇشتىن توختاپ، بەدەن ئۇۋۇزلىغۇچى، ئىشچى بولغان. 1963 - يىلى «سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى سىرلىق شېئىرلىرى بىلەن ياشلارنى زەھەرلىگەن» دەپ قارىلىپ، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ھەم ئىككى قېتىم روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن. 1964 - يىلى «پارازىت قۇرت» دەپ ئەيىبلىنىپ، بەش يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈشى، جۈملىدىن ئاننا ئاخماتوۋانىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ لېنىنگرادتىكى ئائىلىسىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلغان. 1965 - يىلى ئامېرىكا نيۇ-يوركتىكى بىر نەشرىيات برودسكىيغا خەۋەر قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «شېئىرلار ۋە داستانلار»نى رۇسچە نەشر قىلغان.

برودسكىي 1971 - يىلى ئىسرائىلىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئەمما ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا جەزمەن كېتىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئۇ 1972 - يىلى ۋېناغا بېرىپ، كېيىنچە ئامېرىكىغا كەتكەن.



1977 - يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئۇ 1987 - يىلى شېئىرىيەتتىكى تالانتى ۋە «سەنئەت ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك قەيسىرانە روھى» بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ يەنە «بىر گۈزەل دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشى»، «رىم مەرسىيىسى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى بار.

### شېئىرىيەت بايرىمى

**1**

خوشلىشايلى بىزلەر ئۈنسىز - زۇۋانسىز،
پاتېفوننىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىپ.
تۇرار پانىي ئالەمدىكى ئايرىلىش
جەننەتتىكى جۇدالىقنى ئەسلىتىپ.
دېمەيلى بەس، بىزگە نېسىپ بولمىغان،
ھاياتلىقتا ۋىسالىلىقنىڭ شارابى.
قىلالمايدۇ بىر يەرگە جەم ئۆلۈممۇ
ياكى كۆچمەس دىلدىن سۆيگۈ ئازابى.

**2**

قىيامەتتە سوئال - سوراق بولغاندا،
ئۆتكۈزۈلگەن پۈتكۈل گۇناھ - جىنايەت
گۇناھسىزلار ئىگە بولغان ئالقىشنى
تۈگىتەلمەس ھېسابلاپمۇ تا ئەبەد.
ئىككىمىزگە ئايان: بېھىش - جەننەتتە
مۇمكىن ئەمەس سۆھبەتلىشىش — ئۇچرىشىش،
دوزاختىمۇ قوشنا بولۇپ قالماسمىز،

دېمەك، مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش.

3

قېزىلغاندەك سىبىق تۇپراق ساپاندا
ئارىمىزدا بولدى چوڭقۇر هاڭ هاسىل،
ئۇ تىرەن زور گۇناهلاردىن ھەسسىلەپ،
بۇ ئىش بىزگە تۇيۇلىدۇ ھەق — ئادىل.
تاشلىۋەتتۇق بىخۇتلۇقتا تۇيۇقسىز
ئەينەك جامنى، ھېسابلانماس جىنايەت.
چېقىلدى ئۇ، نە پايدىسى شارابنى
تۆكۈلدى دەپ يىغلاپ چەكسەك نادامەت؟

4

بىز باغلىنىپ تۇرغاچ تولۇق — مۇكەممەل،
كېتەر شۇڭا ئۇزۇل - كېسىل دەرھامان.
تەڭشەپ ئاپپارات كۆزى ياكى ئارىلىقنى
ئۆزگەرتكىلى بولماس ئۇنى ھېچقاچان.
تۇرماقتىمىز ھەقىقەتەن باغلىنىپ،
بۇنداق دېيىش ھېچنېمىگە قىلماس كار!
چىقالايدۇ پۈتۈن رولغا، ئەلۋەتتە،
پاراسەتلىك، زېرەك پارچە — ئۇۋاقلار.

5

شادلان، سەندە جىلۋە قىلسۇن خۇشاللىق،
يېتسۇن تامام ئىپادىسى ئازابىڭ.
تەڭ يېرىمدىن بەھىرلەنگەن نەرسىمىز—
ھەجىم، ئەمەس كۈچ - قۇدرىتى شارابىڭ.



ئىككىمىزدە هاسىل بولغان دەزدىكى
گىرەلىشىپ تۇرغان يېرىق — ئىز پەقەت
ئايرىلمىسا ئىككىمىزدىن داۋاملىق،
ئاخىرلاشماس جاھانىمىز تائەبەد.

6

خالىمايدۇ ئەزەلدىنلا ھېچ كىشى
ياشىماقنى بولۇپ يوچۇن - بىگانە.
بىراق پەسكەش باشلىنىش بۇ «كېرەكسىز»
تۇيغۇمىزغا بولدى بەلگە - ئىپادە.
قايغۇرساقمۇ ئۇنى دەپنە ئەيلەپ بىز،
يەنە كونا كەسپىمىزنى باشلايمىز.
مەنىسى بىر ئىككى سۆزدەك، ئۆلۈمنى
مەركەز ئارا رەتلىك كېسىپ تاشلايمىز.

7

پادىشاھلار ھۆكۈم سۈرگەن دۆلەتتە
ۋىسال پەيتى ئەمەس زىنھار بىزگە خاس.
شۇ ئىش بىلەن بولۇپ قالار بۇ دۆلەت
ئالەمدىكى ئۆزگىرىشكە ۋەج - ئاساس.
شان - شەرەپكە ئامراق بەكمۇ يۇرتىمىز،
بىراق ئۇنىڭ رايىغا يات تۆكۈپ ياش،
ئوپئوچۇقلا يىراقتىكى ھەر قانداق
كۈچ - قۇدرەتكە بەيئەت قىلىش — ئېگىش باش.

8

شۇنداق تۇرسا ئۆتۈپ كەتكەن ھەر ئىشنى
يوقىتىشنىڭ بارمۇ يەنە ئاساسى؟

بۇ يېقىمسىز قوپال مىسرا - سۆز پەقەت
بىز چۈشەنگەن تالاپەتنىڭ ئىنكاسى.
ئۈزۈلمەستىن چىققان مۇشۇ ئىپلاس سۆز
بىزنى يەنە بىر دەللىلگە قىلدى يار:
مۇھەببەتنىڭ باشلانمىسى مەنىسىز،
خاتىمىسى قوزغار چەكسىز ئېتىبار.

9

خۇشلىشايلى بىزلەر ئۈنسىز - زۇۋانسىز،
قالار بىزدىن ئەمدى شۇنداق نام - نىشان:
سەن«پەرىشتە»، مەن «يالماۋۇز — ئالۋاستى»،
قىلمايدۇ بۇ مەپتۇن - جەلب ھېچقاچان
ياۋۇز - ۋەھشىي قۇلۇلىنىڭ كۆڭلىنى.
خورغا چۈشكەن مىيۇسلارغا يات ئازاب،
چۈنكى ئۆلگەن چاغدا تارتقان جەبرىمىز
ھاياتلىقتا ئېلىپ كەلگەن ئىزتىراپ.

## ئاڭلىيالايسەن، ئۆچۈپ بارماقتا ئوت

ئاڭلىيالايسەن، ئۆچۈپ بارماقتا ئوت.
سايىلەر تىترەر بۇلۇڭدا بىتىنىم.
شىلتىيالمايسەن ئۇلارغا ئەمدى مۇشت،
تۇۋلىساڭمۇ ۋارقىراپ، تۇرمايدۇ جىم.

بۇ قوشۇن قىلماس ئىتائەت باش ئېگىپ،
ئوت ئۈنىڭدىن چىقتى بىر چەمبەر ياساپ،



تامنى بويلاپ ماڭدى ئۈن - تىنىسىز قوشۇن،
ئۇندا جىمجىت نۇقتا بولدۇم مەن شۇتاپ.

تۈن چىقارغان قارا سوئال بەلگىسى
ئۆرلىمەكتە كېڭىيىپ ئاسمان - پەلەك،
ساڭگىلاپ پەسكە قويۇق زۇلمەت ئېقىن،
تارتتى كۆلپەت مەندىكى قەغەز، ئېگەك.

قالدى سائەت قوش بىلەكتىن ئايرىلىپ،
ئاڭلىماس ھېچبىر سادانى ئۇ، ئېسىت.
مۇزغا ئوخشاش قېتىغان كۆزدە پەقەت
قالغىنى بىر پارقىراپ تۇرغان چېكىت.

ئاڭلىيالايسەن چوقۇم سەن، ئۆلدى ئوت.
ئۆگزىنگە ياماشتى چىلك ئاچچىق تۈتۈن.
ئەمما شۇ پارلاق چېكىت ئالدى ئورۇن
جۈپ كۆزۈڭدىن، كۆيدى يا ئۇندا بۇ تۈن.

## ئانا

مۇقەددەس ئىسادىن سورىدى مەريەم:
«سەن مېنىڭ ئوغلۇمۇ ياكى ئىلاھىم؟
كرېستقا مىخلىنىپ تۇرساڭ، ئۆيۈمگە
قايتىشقا قاندافمۇ بارىدۇ رايىم؟

مەن ئۆيگە كەلگەندە، چۈشىنەلمەستىن
تۇرىمەن تېخىچە قىلالماي ھۆكۈم.
سەن مېنىڭ ئوغلۇممۇ ياكى ئىلاھىم؟
بارمۇ سەن يا ئېلىپ كەتتىمۇ ئۆلۈم؟ »

ئۇ جاۋاب بەردى: «بار ياكى يوق بولسام،
بۇنىڭدا قىلچىلىك پەرق يوق، ئانا.
مەيلىلا ئوغلۇڭ يا ئىلاھىڭ بولاي،
مەن مەڭگۈ تامامەن تەئەللۇق ساڭا! »





## سۇئاد (كۇۋەيت)

سۇئاد مۇبارەك ساباھ (1942 — ) كۇۋەيتنىڭ ئاتاقلىق ئايال شائىرى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى. ئۇ 1942 - يىلى مالايسىيانىڭ سابا دېگەن يېرىدە ئولتۇرىدىغان بىر كۇۋەيتلىكنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كۇۋەيت پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولغان مۇبارەك ساباھ بىلەن توي قىلغان، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنگلىيە سالى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق دوكتورلۇقىغا، سۈرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 90 - يىللارنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلمەكتە.

سۇئاد ئىجادىيىتىنى ئەنئەنىۋى شېئىر يېزىشتىن باشلاپ، كېيىنچە ئەركىن شەكىلگە ئۆتكەن. ئۇ، شېئىرلىرىدا ئاياللارنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى، مۇھەببەتكە، دوستلۇققا بولغان چۈشەنچىسى ھەمدە ئەرەب دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنىدىكى تەڭسىزلىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، تىز پۈكمەس، قەيسەر، روھلۇق، سەممىي خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن. سۇئاد ھازىرغىچە «ئۈمىد»، «تەقدىم قىلاي مەن ساڭا، ئوغلۇم»، «بىر ئايالنىڭ پىچىرلىشى»، «ئەتىرگۈل بىلەن مىلتىقنىڭ سۆھبىتى»، «ئايال ئىكەن ئەسلىدە» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئۆز ئىسمىنى قويۇپ، ئىككى نەشرىيات، ئىككى ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلغان.

## ئاياللار ئىنكارى

**1**

دەيدۇ ئۇلار: ئەسەر يېزىش — زور گۇناھ،
شۇڭا ئەسلا ئەسەر يېزىپ سالمىغىن!
جىنايەت ھەم رىشتە باغلاش يېزىققا،
ئاڭا مەڭگۈ رىشتە باغلاپ قالمىغىن!
زەھەرى بار شېئىر يازغان سىياھنىڭ،
ئەيلە ھەزەر، زىنھار ئىچىپ ئالمىغىن!

ئىچىپ بولدۇم ئالاي قۇتا سىياھنى،
يۇرىمەنغۇ يەنە ساغلام ئەل ئارا.
يېزىپ توم - توم ئەسەر، گويا ياندۇردۇم
ھەر يۇلتۇزدا ئاجايىپ زور ئوت — لاۋا.
رەنجىمىدى خۇدا مەندىن ئەزەلدىن،
بولمىدىغۇ پەيغەمبەرمۇ ھەم خاپا.

**2**

دەيدۇ ئۇلار: سۆزلەش — ئەرنىڭ ھوقۇقى،
سەن بىر ئايال، زۇۋان سۇرمەك ساڭا يات!
ئىشقىۋازلىق ئەرلەرنىڭلا سەنئىتى،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆمۈرلۈك تىلسىمات!
ئىجادىيەت گويا چەكسىز بىر دېڭىز،
بولما ھالاك ئۇندا، ئەيلە ئېھتىيات!
ئەمما، سۇردۇم مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى،



ياردىم يەنە سانسىز دولقۇن باغرىنى،
قىلدىم كۈرەش دېڭىز بىلەن بولماي مات.

**3**

دەيدۇ ئۇلار: شېئىر يېزىپ يەتكۈزدۇڭ
گۈزەل ئەخلاق، ئەقىدىگە كۆپ مالال؛
ئەرلەر تۇرسا شائىرلارنىڭ ھەممىسى،
بىزدە شائىر ئاتىلامتى بىر ئايال؟

بارچە يالغان - سەپسەتىلەر ئالدىدا
دىمىقىمدا مەسخىرىلىك كۈلەرمەن.
ئويلار ئۇلار: كەلسە يېتىپ پۇرسىتى،
ئاياللارنى تىرىك پېتى كۆمەرمەن.
ئۆز-ئۆزۈمگە دەيمەن: زادى نېمىشقا
ئەرلەر ناخشا ئېيتسا مەيلى، ۋە لېكىن
مەن ئۈنچىقماي ئازاب چېكىپ ئۆتەرمەن؟

**4**

بىلەلمىدىم، ئۇلار نېچۈن مۇشۇنداق
ئەخمەقلەرچە تام - پاسىلنى ياراتتى؟
ئەيلەپ جۇدا دالىلارنى ئورماندىن،
كۆكتە ئۇزگەن بۇلۇتلارنى يامغۇردىن،
ساغلىقلارنى قوشقارلاردىن ئاجراتتى؟

كىملەر ئېيتقان بۆلۈنگەن، دەپ جىنسقا
شېئىر - نەزمە، نەسىر، چۆچەك ھەم مەسەل؟
ئەركەك، چىشى دېيىلەمدۇ تەپەككۇر؟
ھەم كىم دېگەن: بۇ پايانسىز تەبىئەت

ئوماق قۇشقا ئېيتقۇزمايدۇ كۈي ـ غەزەل؟

5

دەيدۇ ئۇلار: ئۆز قەبرەڭنىڭ ئېشىنى
ئۆز قولۇڭدا كۆكۈم ـ تالقان ئەيلىدىڭ.
دەۋرىڭدىكى شەپەرەڭنى شىددەتتە
ئوقتا تۇتتۇڭ — ئاياغىڭدا چەيلىدىڭ.

بەرھەق! بەرھەق! شېئىرىمدا — پالتامدا
چاپتىم ساختا يىلتىزلارنىڭ غولىنى،
ھالاكەتلىك كوھىقاپقا ئىتتەردىم
ئۇشبۇ مۇدھىش، جاھىل دەۋران ئۇلىنى.

ئەگەر ئۇلار سالسا ماڭا مالاللىق،
مەن ئويلارمەن ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا
مەجرۇھلانغان ئەڭ چىرايلىق بۈركەن، دەپ.
كرېست ئارا مىخلانسا چىلىك ۋۇجۇدۇم،
ياغدۇرارمەن ئۇلارغا مىڭ تەشەككۈر،
مېنى ئىسا بىلەن ئوخشاش كۆرگەن، دەپ.

6

دەيدۇ ئۇلار: ئاجىز كېلەر ئاياللار،
ياخشى خوتۇن قىلار شۈكۈر ـ قانائەت؛
ئەركىنلىك — بار رەزىللىكنىڭ مەنبەسى،
ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى — ئىتائەت.
دەيدۇ ئۇلار: تۇتسا قەلەم خوتۇن خەق،
بېرىلمەيدۇ ئاڭا ئورۇن قاتاردىن.



شېئىر ـ قوشاق يېزىپ يۈرسە ھەمىشە،
ئۇسسۇلچىنىڭ نېمە پەرقى ئۇلاردىن!

مەسخىرىلىك كۈلكەم بولسۇن جاۋابى
بارچە ئۆسەك سۆز، پىتنىنىڭ — بۆھتاننىڭ.
رام قىلالماس مېنى مەڭگۈ ئىدىيە،
لوگىكىسى بۇنداق مۇدھىش دەۋراننىڭ.
ئۆز ئەقىدەم ئۈچۈن ئېيتقان كۈي ـ ناخشام
تۇرار ياڭراپ قەرىدە كۆك ـ ئاسماننىڭ.

ئىشىنىمەن، توختار تەتۈر قۇيۇنلار،
شەپەرەڭگە يېتەر جەزمەن ماماتلىق.
ئىشىنىمەن، يوقىلىپ شۇ جاھىللار،
نېسىپ بولۇر ماڭا مەڭگۈ ھاياتلىق...

2006 30

责任编辑：帕尔哈提·伊力亚斯
封面设计：王 阳

新疆大学图书馆
民文图书 755MWS00013204

失去的美酒（维吾尔文）
贾沙莱提·塔西 编译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行 新疆工人时报印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 7.125 印张
1998 年 12 月 第 1 版 1998 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7—228—05101—7 定价：10 元